# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

2000.2



بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنەيلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.



مۇدىر، قۇرۇلتاي ئىجرائىيە رەئىسى ھامىدىن نىياز قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ۋەكىللەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مۇقەددەس بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەل باغلىدى.

يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە 2000 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق ئومۇمىي خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك خام چوتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىپ تەستىقلاندى.

**ۋاڭ شىنپىڭ خەۋىرى ۋە فوتوسى**



ھەر مىللەت ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.



ۋەكىللەر يىغىندا IC كارتوچكىلىق تىزىمغا ئالدۇرۇش سىستېمىسىنى ئىشلەتتى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭ قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن ۋەكىللەر ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى

# يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى سەھىپە يارىتايلى

## — ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز

### ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى غەربىي قىسمىنى ئېچىش مارشى ساداسى ئىچىدە ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. مۇشۇنداق ياخشى تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بۇ يىغىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇشقا، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە، گۈللەنگەن شىنجاڭنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشكە يېتەكلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

ئۆتكەن يىل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، جەمئىيەت سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولدى، تۈرلۈك ئىشلار تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، 15 - قۇرۇلتاي 3 - ، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتنى چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك ھوقۇقىنى پائال يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشتى.

بۇ يىل ئەسىر ئالمىشىدىغان يىل، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىدىغان مۇھىم كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاخىرقى يىل، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل. بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار، ھەر مىللەت خەلقى ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بىلەن قۇدرەت تېپىشقا بەلنى مەھكەم باغلاپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە گۈزەل كېلەچەك يارىتىپ، شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشى لازىم.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا چوڭ ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەلىپى بويىچە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، غەربىي قىسمىنى ئېچىش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇنغىچە مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ياخشى ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى لازىم. يەرلىك قانۇن چىقىرىش غەربىي قىسمىنى ئېچىش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زور فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قانۇن كاپالىتىگە، شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنى بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇنچىلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. نازارەتچىلىك خىزمىتىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇش لازىم. قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، زىيانلىق ئىشلارنى دەل جايىغا تەككۈزۈپ تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش، تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئومۇمەن، شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر ھازىرقى نەتىجىلەر ئاساسىدا خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىلگەن 2000 - يىللىق تەرەققىيات پىلانى شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىرگە كىرىشتىكى ئۇلۇغۋار پىلاندۇر، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇشتىكى ھەرىكەت لايىھەسىدۇر. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە تىز پۈكمەي جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلىگەندىلا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ يېڭى سەھىپە يارىتالايدۇ. شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال)　　( 月刊 )

2000 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 203 - سان)　　(20 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

### ئوبزور

يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ يېڭى سەھىپە يارىتايلى ---------------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

### يىغىن خەۋەرلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتچىلىرى ۋە باش كاتىپنىڭ ئىسىملىكى قاتارلىقلار ------------------------------------ (4)

### خىزمەت تەتقىقاتى

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرايلى --- مەھەممەت ئىسمايىل (25)

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى ------------------------------------ ئابدۇرېھىم سىيپۇل　بارات سايىم　جاپپارجان قادىر (30)

خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى قارار چىقىرىش ھوقۇقى قىلىپ قويماسلىق كېرەك ------------------------------------------ ۋاڭ يۈخلى (36)

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە ------------------------------------ سامساق سادىق (38)

### ئۆگىنىش

«3 كە ئەھمىيەت بېرىش» لاياقەتلىك سودىيە بولۇشنىڭ ئاساسى -------------- توختىروزى مەتنۇرى (40)

## مۇلاھىزە

«ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى ------- باھارگۈل ساۋۇت (42)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

«ھاكىملار مەھەللىسى» دىن زور مىقداردىكى مال - مۈلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولماسلىق جىنا-
يىتىگە نەزەر ---------------------------------------- مەمتىمىن ئابلىز (47)

## قانۇندىن ساۋات

گۇۋاھلىق ئاپپاراتى بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ كۈچى بىلەن ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى-
نىڭ بەرگەن ئىسپاتىنىڭ كۈچىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقلىرى توغرىسىدا ----------- مەمتىمىن موللانىياز (50)
توختامنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ پەرقى توغرىسىدا .---------- ئاسىم قاسىم (53)

## ياشلامچىلار

ئالقىشلانغان خەلق چاكىرى، يېتىملارنىڭ غەمگۈزارى ----------- رازىيە ئىبزىز ئوبۇلقاسىم مەتنىياز (56)

## خەۋەرلەر

باي ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ،
جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشتى قاتارلىقلار --------------------------------------- (60)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارسانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - قورۇ
تېلېفون 4828065 ئالاقىلىق 61203، 61208

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىدىكىلەر ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى

2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

(78 نەپەر ، ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

**ھەيئەت رىياسىتىدىكىلەر :**

ئابدۇرېھىم ھامىد
ئابدۇغېنى مەخمۇت
ئابدۇقادىر توختى
ئابلا يۈسۈپ
ئابلەت ئەۋرا
ئابلىز پەيزۇللا
ئارزۇگۈل ئايۇپ (ئايال)
ئايۇپ قۇربان
ئەسقەت كېرىمباي (قازاق)
بايخوجا مىركىنتباي (قازاق)
بۇلغە (ئايال، موڭغۇل)
خوجاۋشىڭ (مانجۇ)
تۆنىياز مەمەت
توك فۇلىن (شىبە)
جاڭ خېڭ
جاڭ چىڭلى
جاقان ئۇمار (قازاق)
جۇجيېنخۇا (خۇيزۇ)
جۇ شېڭتاۋ
جۇ يۇڭشۇن
جۇ يۇن
جانابىل (قازاق)
چېن دېمىن
خەلچەم ئىسلام
خوجيايەن (ئايال)
خوجىخان ھاكىمۇۋ
داباچىسكى لىما (ئايال، رۇس)
دىلبەر مىرۋاخىت (ئايال، ئۆزبېك)
رازىيە قادىر (ئايال)
رىزۋان ئەبەي (ئايال)
رېھىمجان
زۇڭغۇرۇپ (موڭغۇل)
ساۋگوچىن (ئايال)
ساۋۇر ھاجى ئالىمجان
سەلەي (موڭغۇل)
سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال)
سۇڭ داچېڭ
سۇڭ دىتاڭ
سۇلايمان (قىرغىز)
شۇپېڭ
شىن دېفۇ (داغۇر)
قادىس جانابىل (قازاق)
قاشىرەت نېكىش (قازاق)
قېيۇم باھاۋۇدۇن
كابىن داۋۇت (قازاق)
لى جاۋجى
لى فېڭزى
لى لياڭخۇي
ليۇ چۇنجېن
ماجيېنگو (خۇيزۇ)
ماجيې (ئايال، خۇيزۇ)
ما رۇڭ
ماشىشيەن (خۇيزۇ)
ما مېيفاڭ (ئايال، دۇڭشياڭ)
مەسخۇت ۋەلى (تاتار)
مەمەت ئەخلەت
مەھەممەتجان ئەمەت
مەھەممەت ئىسمايىل
مەمەت ياسىن روزى
مجىت ناسىر
مىرزاي دوسمەمەت (تاجىك)
نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر
ھامىدىن نىياز
ھەسەنبېك تۇردى (قىرغىز)
ھەيدەر ئاقان (قازاق)
ھۈسەيىن يۈسۈپ
ئوبۇلقاسىم قارىھاجى بارات
ۋاڭ چۈنيۇ
ۋاڭ لېچۈن
ۋاڭ ئېنماۋ
ۋاڭ يۇڭمىڭ
ۋۇ چىلىن
ۋۇ دۇنفۇ
ئىبراھىم خالىق
ئىسمايىل تىلىۋالدى
ياۋ يۇڭفېڭ
ياڭ ياۋخۇا
يەن خوجۇڭ

**باش كاتىپ:** لى فېڭزى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ ئىسملىكى

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا بېكىتىلدى

(11 نەپەر)

| | | |
|---|---|---|
| ھامىدىن نىياز | جاڭ خېڭ | سۇلايمان |
| لى فېڭزى | مىجىت ناسىر | ماجيەنگو |
| خەلچەم ئىسلام | قادىس جانابىل | مەھەممەت ئىسمايىل |
| شۇيېڭ | خوجىخان ھاكىمۇۋ | |

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلىنمىغانلىقتىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى» نىڭ 7 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىدا ئايرىم - ئايرىم ئىشلەيدىغان تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

(16 نەپەر)

مۇدىرى: خەلچەم ئىسلام (ئايال)
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۇ پېڭ
ياڭ مىڭسەي
مەمەت يۇسۇپ
ئەزالىرى: سۇلتانماھمۇت مەمەتيۇسۇپ
جيا جيەنيۇ
بايخوجا مىركىتباي (قازاق)
تۇنىياز مەمەت
جياڭ جيەنخېڭ
قۇۋۋەت ئەلى (قىرغىز)
ساۋ گوچىن
لى گۇاڭچيەن
پۈرۋە (موڭغۇل)
ۋاڭ يۇشېڭ (خۇيزۇ)
دىلارە ئابلەت (ئايال)
قاۋكەن كالىم (قازاق)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى پىلان ـ خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

(10 نەپەر)

مۇدىرى: قادىس جانابىل (قازاق)
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساۋ زۇڭ خۇەي
مەخمۇت مەمەت
ئەزالىرى: مەمەتجان
ھەسەن قامىتباي (قازاق)
ياڭ شۆلياڭ
ئىمىن مىھمانشاھ
زۇڭغۇرۇپ (موڭغۇل)
ھەسەنبېك تۇردى (قىرغىز)
يۇ جىباۋ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسملىكى

2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

مەھەممەت ئىسمايىل
خەن چىبىڭ
شاۋچياڭ
ئەركىن ئېمىرباقى
لى يى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىغا بېرىلگەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى **ھامىدىن نىياز**

هۆرمەتلىك ۋەكىللەر:



مەن ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

ئۆتكەن بىر يىل دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەرنى يېڭىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرىلەتكەن بىر يىل بولدى. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ، 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىمىزنى پائال يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق.

**1. خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى ۋە ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستى**

(1) يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى

بىز دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش سۈرئىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتتۇق. بولتۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە

ئۈرۈمچى شەھەرلىك، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلا-
ستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دائىمىي
كومىتېتىمىزنىڭ قاراپ چىقىشى ياكى تەستىقلىشىغا
سۇنغان 21 نىزام لايىھىسىدىن 18 نى قاراپ چىقتۇق،
بۇنىڭ ئىچىدە 11 نى ماقۇللىدۇق، تۆتنى تەستىقلىدۇق،
بىرنى بىكار قىلدۇق. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بى-
لەن، ئۈچ نىزام لايىھىسى يەنىمۇ مۇزاكىرە قىلىنغاندىن
كېيىن دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ قاراپ چىقىشىغا
سۇنۇلىدىغان بولدى، 2 نىزام لايىھىسى دائىمىي كو-
مىتېتىمىز قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ تۈزىتىلىۋاتىدۇ.

بۇلتۇر بىز يەر باشقۇرۇش قانۇنىنى يولغا
قويۇش چارىسى، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپ-
تىش قىلىش نىزامى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ
سايلام چارىسى، ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش-
تەكشۈرۈش نىزامى، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئاي-
لاندۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى، دېلوغا چې-
تىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش نىزامى، دائىمىي كو-
مىتېتنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش-قالدۇرۇش چارىسى
قاتارلىق نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتۇق، بۇ نىزاملار يەر
بايلىقىنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش، يېزا كوللېكتىپ
ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيىسى ۋە مۈلكىنى
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموك-
راتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەكچىلەر-
نىڭ قانۇنىي هوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، پەن-
تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە
ئايلاندۇرۇش، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش
پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش، دائىمىي كومىتېتنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش-
قالدۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتار-
لىق جەھەتلەردە ئىجابىي رول ئويناۋاتىدۇ.

قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە، بىز نىزام-
لارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلدۇق.
بىرىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىيا-
جىنى ئاساس قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدى-
لەندۈرۈپ، نىزاملارنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئىرىشىپ
ئاشۇردۇق. ئىككىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش جەھەتتى-
كى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ،
ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ،
قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، دې-
موكراتىيىلەشتۈرۈشكە تىرىشتۇق. ئۈچىنچىدىن، قا-
نۇن چىقىرىش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئىسلا-
ھات روھى بىلەن ھەل قىلدۇق. تالاش-تارتىش بولغان
مەسىلىلەردە ئىسلاھات نىشانى ۋە تەلىپى بويىچە ۋاقتىدا
ھۆكۈم چىقاردۇق. قانۇن ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكە-
تىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، قانۇن ئىجرا
قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ قاتتىق قېلىپلاشتۇ-
رۇپ، تەستىقلاش ھوقۇقى، كىنىشكا تارقىتىش ھو-
قۇقى ۋە جازالاش ھوقۇقىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلى-
تىشنىڭ، تارماقلارنىڭ مەنپەئىتىنى نامۇۋاپىق تەكىت-
لەشنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ پىلان-
لىق ۋە ئىلمىي ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق
9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن
باشقا، خىزمەت كومىتېتلىرىمىز مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پىكىر ئېلىش ئۈچۈن
چۈشۈرگەن 16 قانۇن لايىھىسى ئۈستىدە پىكىر ئېلىش
خىزمىتىنى ئورۇنلىدى.

(2) نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى يە-
نىمۇ ئاشتى

بىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش
فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن ئىج-
راسىنى تەكشۈرۈش-نازارەت قىلىشنى گەۋدىلىك ئو-
رۇنغا قويدۇق. بىر يىلدىن بۇيان، قانۇنلارنىڭ ئىجرا-
سىنى مەركەزلىك ھالدا ئالتە قېتىم تەكشۈردۇق، بۇ-
نىڭدا يېزا ئىگىلىك قانۇنى، يېزىلارغا قارىتىلىدىغان
سىياسەت-نىزاملار، باج ئېلىش-باشقۇرۇش قانۇنى،
مائارىپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار
دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، ئىقتىسادىي تەپتىش
قانۇنى، يېزا-بازار كارخانىلىرى قانۇنى قاتارلىق قا-
نۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردۇق.

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە، يېزا ئىگى-
لىك قانۇنى ۋە مەركىزىي كومىتېت تارقاتقان [1996]
13-نومۇرلۇق ھۆججەت، گوۋۇيۈەن تارقاتقان [1999]

65 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا بىنائەن ، دېھقان
لارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە دائىر بەلگىلىمە-
لەرنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىشنى
ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويدۇق . دائىمىي كومىتې-
تىمىزنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي
شىنجاڭدىكى يەتتە ۋىلايەت ، ئوبلاست ، 28 ناھىيە ، 60
نەچچە يېزا ، 120 نەچچە كەنت ۋە 300 دىن ئارتۇق دېھقان
ئائىلىسىگە بېرىپ نۇقتىلىق تەكشۈردى . ئوبلاستلىق ،
شەھەرلىك ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت
كومىتېتلىرىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى
بويىچە ، بۇ خىزمەتنى بىرلا ۋاقىتتا قانات يايدۇردى .
تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئاپتونوم رايونىمىز-
دىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار
تارماقلار يېزا ئىگىلىك قانۇن ، نىزاملىرى ۋە يېزا سى-
ياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت
ئىشلەپ ، زور نەتىجىگە ئېرىشكەن . تەكشۈرۈش گۇ-
رۇپپىسى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ۋە كې-
مەيتىش جەھەتتە سەل قاراشقا بولمايدىغان بە-
زى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ سەزگەن ، ئاساسلىقى :
بەزى جايلار يېزا ئىگىلىك بېجى ئېلىش ۋەزىپىسىنى
مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈرۈپ ، يېزا ئىگىلىك بېجىنى
يۇقىرى مۆلچەرىي ئۆلچەم بويىچە ئالغان ؛ قالايمىقان
ھەق ئېلىش ، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش ، قالايمىقان
جەرىمانە قويۇش ۋە ھەر خىل سېلىق سېلىش ، دېھقان
لارنى پۇل ، نەرسە ، ئەمگەك چىقىرىشقا زورلاپ ئۆلچەمگە
يەتكۈزۈش ـ دەرىجە ئۆستۈرۈش ئەھۋاللىرى بىر مۇنچە
جايلاردا كۆرۈلگەن ؛ خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا
ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى ھەق-
قى قويۇۋېتىلمىگەن ؛ سۇ ھەققىنى ئېلىش ۋە ئىشلى-
تىش مۇۋاپىق بولمىغان . مۇدىرلار يىغىنى قانۇن ئىج-
راسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلى-
غاندا ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن
رەئىسىنى يىغىنغا كېلىپ پىكىر ئاڭلاشقا تەكلىپ
قىلدى . ھۆكۈمەت ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە قانۇن ئىج-
راسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكلىپىنى كۆزدە
تۇتۇپ ، يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يىغى-
نىنى ئېچىپ ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ
مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ
13 ـ يىغىنىغا دوكلات قىلدى .

دائىمىي كومىتېتىمىز ئۇيۇشتۇرغان قالغان
5 گۇرۇپپىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياقلاشقاندىن
كېيىن ، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ياكى مۇدىرلار يى-
غىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلى-
دى ، پىكىر ، تەكلىپلەر ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماق-
لارغا ، سوت مەھكىمىسى ، تەپتىش مەھكىمىسىگە
ۋاقتىدا يەتكۈزۈلدى . باجنى تولۇق تاپشۇرماسلىق ـ
ئالماسلىق ، ھەق ئېلىپلا باج ئالماسلىق ئەھۋالى ئې-
غىرلىشىپ كېتىش ، ئەدلىيىدە ئادىل بولماسلىق ، دېلو
بېجىرىشتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ، «ئىجرا قىلىش
قىيىن» بولۇش ، يېزا ـ قىشلاقلاردا ئوقۇش يېشىدىكى
بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ۋە ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش ، ئوقۇ-
تۇش سۈپىتى چۈشۈپ كېتىش مەسىلىلىرىگە قارىتا
قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋە دائىمىي
كومىتېت تەركىبىدىكىلەر پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى
بەردى . ئالاقىدار ئورگانلار بۇ پىكىر ـ تەكلىپلەرگە
ئەھمىيەت بېرىپ ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويدى ھەمدە مۇدىرلار يىغىنىغا دوكلات قىلدى .

پىلان ، خامچوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى
نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، ھۆكۈمەتنىڭ
1999 ـ يىللىق پىلان ۋە خامچوتنىڭ ئىجراسى توغرى-
سىدىكى دوكلاتىنى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ
1998 ـ يىللىق ئومۇمى نەقچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى-
نى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1998 ـ يىللىق
خامچوتى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى
ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى
دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلىدۇق ۋە قاراپ چىقتۇق . دائىمىي
كومىتېت تەركىبىدىكىلەر : ئىقتىسادىي تەپتىش قى-
لىش داۋامىدا سېزىلگەن مەسىلىلەر ، بولۇپمۇ بەزى
تارماقلارنىڭ مالىيە مەبلىغى ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش
پۇل ـ ئەشيالىرىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىگىلىۋېلىش
ياكى ئىشلىتىۋېلىش مەسىلىلىرىنىڭ خاراكتېرى ئې-
غىر ، ھۆكۈمەت ئالاقىدار تارماقلارنى قانۇن ئىجراسىنى
كۈچەيتىپ ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئەستايىدىل

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇشى كېرەك ، دەپ
كۆرسەتتى. قىسمەن كومىتېت ئەزالىرى قانۇن بويىچە
بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
كومىتېتى ، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ، مالىيە نازارىـ
تىگە سۈرۈشتۈرمە قويدى. مائارىپ كومىتېتى ۋە خەلق
ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا كېلىپ
جاۋاب بەردى ھەمدە مۇدىرلار يىغىنىغا دوكلات قىلىپ،
دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەنقىدىنى قوـ
بۇل قىلدى. مالىيە نازارىتى دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ
11 ـ يىغىنىغا مەخسۇس دوكلات قىلىپ، ئىقتىسادىي
تەپتىش دوكلاتىدا ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈـ
زىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بۇلتۇر
12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ ،
ئۈرۈمچى ، سانجى ، بايىنغولىن ، شىخەنزە قاتارلىق
جايلاردا «بىرنى تىزگىنلەش ، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتـ
كۈزۈش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «99 ـ يىللىق تەڭـ
رىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتىنى
قانات يايدۇردۇق ھەمدە ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىـ
تىنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈردۇق .
بۇنىڭدىن باشقا ، يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىـ
رىنىڭ 7 ـ قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام
خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، كەنت ئاھالە كومىـ
تېتلىرىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام
خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى ھەر
تەرەپلىمە تىزگىنلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىـ
نى ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىـ
سىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجرا خىزمىتى ئەھۋالى
توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ ،
خىزمەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا بىر مۇنچە پىكىر ،
تەكلىپلەرنى بەردۇق.

بىر يىلدىن بۇيان ، بىز پائال ئىزدىنىپ ،
نازارەتچىلىك خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشىلىدۇق . مۇـ
ھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي
خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ ، ئىسلاھات ۋە تەرەقـ
قىياتقا تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى ،
خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىـ
لەرنى تۇتۇپ ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى پىلانلىق ۋە
قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىشلىدۇق . نازارەتچىلىك
ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ ، ۋەكىللەر ، دائىمىي كومىتېت
تەركىبىدىكىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى تولۇق
ئىشقا سالدۇق ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن تەڭ ھەرىكەتكە
كېلىپ ، ئۆز ئارا ماسلاشتۇق . قانۇن ئىجراسىنى تەكـ
شۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا سېزىلگەن مەـ
سىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئالاقىدار ئورگان ۋە تارماقـ
لارنىڭ تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈشىگە ۋە
ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە پائال ھەيدەكچىلىك قىلدۇق.

(3) قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىدە
يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى

بىز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنى كۈچەيـ
تىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق
قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقات ـ تەربىيىسى خىزمىتىنى
مۇھىم ۋەزىپە قىلدۇق . 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى ئاساسىي قانۇننىڭ
تۈزىتىلمىسىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئۆگـ
نىشكە ئەستايىدىل تەشكىللىدى ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدا
ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىـ
تىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى پىكىرىمىزنى تارقاتـ
تۇق . بۇلتۇر دۆلىتىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
ئورنىتىلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
20 يىللىقى تەبرىكلەندى . بىز بۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ ،
سۆھبەت يىغىنى ئېچىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ،
خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتۇق . خەلق قۇرۇلتىيى
تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ ، ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «سوتسىيالىستىك
دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكىر»نى ئەستاـ
يىدىل يەتكۈزۈپ ۋە ئۆگىنىپ ، يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق
قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش چارىـ
سى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتۇق ، نۆۋەتتىكى ۋە
بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خەلق قۇرۇلتىيى

تەشۋىقاتىنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. قانۇن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خادىملىرىغا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خادىملىرىنىڭ قانۇن بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە قازاقچە ئاشكارا تارقىتىلىپ، دېموكراتىيە- قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىدا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

**2. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلاشتى**

بۇلتۇر بىز يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن پائال مۇلازىمەت قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى رولىنى جارى قىلدۇردۇق. ۋەكىللەرنى ئەھۋال ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، بۇلتۇر يىل ئوتتۇرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ۋە مۇھىم خىزمەتلىرىنى ئۇقتۇردۇق. ۋەكىللەر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 17 نەپەر ۋەكىلىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش، مائارىپ، سەھىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى بىلەن ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆرۈشۈشىگە ئىككى قېتىم ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردۇق. «ۋەكىللەر ساداسى»نى چىقىرىپ، ۋەكىللەرنىڭ مۇھىم پىكىر، تەكلىپلىرىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا ۋاقتىدا تارقاتتۇق ھەمدە ئۇنى ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىشىگە تاپشۇردۇق. كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ قارارى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان 17 تەكلىپ، 662 تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر تولۇق بېجىرىلىپ بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە پائال ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا خېلى ياخشى رول ئوينىدى.

ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يىلدىن بۇيان ئەرزىيەت ئىشىدىن 5129 ئادەم- قېتىم، ئەرز- شىكايەت دېلوسىدىن 405 نى قوبۇل قىلدۇق. ئەۋەتىپ بېرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان بەزى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردۇق.

**3. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى**

بۇلتۇر بىز مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئورگاندىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىپ، خېلى روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق.

«ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر ۋە ئورگاندىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئاساسىدا، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ 1992 - يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ ۋە يەكۈنلەپ، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتۇق ھەمدە چوڭقۇر ئانالىز قىلدۇق. دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسى بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىپ، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تۈزىتىش لايىھىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق، قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، پارتگورۇپپا ۋە ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ھەقىقىي ئاقىدىغان تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر ۋە ئورگاندىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ماركسىزملىق قايتا تەربىيىگە ئىگە بولدۇق، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتتۇق، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە تەشەببۇسكارلىقىمىزنى ئاشۇردۇق؛ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتا زىممىسىگە ئالغان مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى كۈچەيتتۇق.

بىز مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، «فالۇن گۇڭپىسى»نى پاش قىلىش - تەنقىد قىلىش كۈرىشىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردۇق. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر «فالۇن گۇڭپىسى» تەشكىلاتىنىڭ بىدئەتلىك ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىمىزنى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇردۇق. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدىكى باش ئەلچىخانىسىنى ۋەھشىيانە بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئەزالىرى ۋە ئورگان كادىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، بۇ جىنايى قىلمىشنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن مەيدانىنى قەتئىي ھىمايە قىلدۇق.

يېڭى ۋەزىيەت ۋە كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىشنى دائىمىي كومىتېت يىغىنى قارالمىسىغا كىرگۈزۈپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ ۋە چۈشىنىپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلدۇق.

ئاساسىي قاتلامغا خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. بەزى جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا داۋاملىق ياردەم ۋە مەدەت بەردۇق. بۇلتۇر 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق. يىغىندا كومىتېت باشلىقى لى پېڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-

12

مىتېتى مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاش، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

بىر يىلدىن بۇيان بىز كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقىمىزنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن 575 كىشىنى تەيىنلىدۇق ۋە قالدۇردۇق.

ئۆتكەن بىر يىلدا، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ۋە خۇلاسىلاپ، دائىمىي كومىتېتىمىز خىزمىتىنىڭ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىدىدىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدۇق. گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمى دېگەندەك كۆرۈنەرلىك بولمىدى، بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشقا ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ھوقۇقىمىزنى قانداق يۈرگۈزۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، بىز ئۇنى تەدبىر قوللىنىپ تەدرىجىي ھەل قىلىۋاتىمىز.

ۋەكىللەر! 2000 ـ يىل ئەسىر ئالمىشىدىكى يىل، شۇنداقلا 9 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇھىم كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاخىرقى يىل. يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويماقتا. دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى يولغا قويۇشى ئاپتونوم رايونىمىزغا مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايەن قىلماقتا. 8 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مايىل بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى پەيدىنپەي ئاشۇرماقتا، بولۇپمۇ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت ۋە مەدەت بەرمەكتە. غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت شىنجاڭنى تېخىمۇ قوللايدۇ ۋە شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا زور تارىخىي يۈكسىلىش ۋە تەرەققىيات ھاسىل قىلىدۇ. مەركەزنىڭ ستراتېگىيىلىك تەدبىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن، بۇ خەلق ئاممىسىغا زور ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كا-

دىلار چوقۇم كۈچلۈك دەۋر تەخىرسىزلىكى ۋە يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئۈنۈمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە باشلاپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، بىز جەزمەن ۋەزىپەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، تارىخىي بۇرچىمىزنى ئاقلاپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىلىك تەلىپى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تەلىپى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز؛ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىمىزنى ئەتراپلىق يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كۈچەيتىشىمىز؛ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قوغدىشىمىز؛ بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، مەركەزنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يولغا قويۇش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىشىنى كۈچلۈك قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم. بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدەش، ئومۇمىيەتكە خىزمەت قىلىش تەلىپى بويىچە، ئىدىيىدە يېڭىمۇ ئازات بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننىڭ بىرلىكىنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، مۇشۇ قېتىملىق يىغىندا ماقۇللانغان قارارلارنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

بىرىنچى، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى - مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، شىنجاڭنى راسا گۈللەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىش. قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا قانۇن ۋاستىسى بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە ئاتلانغان مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى كىشىلەر قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىمىز. ھازىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئاتاكا باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ۋە بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرگە تاقىلىۋاتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە قىيىن نۇقتىسى قانۇن چىقىرىشنىڭمۇ قىيىن نۇقتىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسى بولۇۋاتىدۇ. بىز قانۇن چىقىرىش داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ئىسلاھات روھى بىلەن تونۇپ ۋە ھەل قىلىپ، قانۇن چىقىرىش تەدبىرىنى ئىسلاھات تەدبىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسىنى قانۇن ئارقىلىق مۇستەھكەملەپ، ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىمىز. بۇ يىل يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى ياخشىلاش، مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ئادىل ئىشلەش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇن چىقىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چىقىرىشقا بولىدىغانلىرىنى تېز چىقىرىمىز، تەييارلاشقا تېگىشلىكلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلايمىز. غەربىي رايوننى زور

دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىشقا ياخشى تەييارلىق كۆرىمىز.

يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئاچقۇچلۇق ھالقا سۈپىتىدە تۇتۇپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇپ، نىزاملارنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق قىلىش؛ نىزاملارنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ئوبدان ئەجىر سىڭدۈرۈش، قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىمكانقەدەر كونكرېت ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ چوڭ ھەم مۇكەممەل قىلىش كويىدا بولماسلىق، دۆلەت قانۇنىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك، بىر ئىش ئۈستىدە بىر نىزام چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىش، ھەممىگە تەڭ تۇتۇش قىلماسلىق؛ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن چىقىرىشتىن پايدىلىنىپ تارماقلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى كېڭەيتىۋېتىشنىڭ، تارماقلارنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ئومۇمىيلىققا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىش لازىم.

قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى داۋاملىق يەكۈنلەپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىشقا دائىر كونكرېت تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ نىزام تەييارلاش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قانۇن چىقارغۇچىلار، ئەمەلىي خىزمەتچىلەر ۋە نەزەرىيە خادىملىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. خىزمەت كومىتېتلىرىمىز ئۆز ئۈستۈنلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نىزام تەييارلىغۇچى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، نىزام تەييارلاش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە نىزام لايىھەلىرىنى تۈزىتىش - بېكىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، نىزام لايىھەلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلمىي، ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى كۆپ ساندىكى نىزام لايىھەلىرىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا چوقۇم رەھبەرلىكىنى ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نىزام لايىھەلىرىنى تەييارلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، نىزام لايىھەلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دائىمىي كومىتېتىمىزغا بىر قەدەر پىشقان نىزام لايىھەلىرىنى پىلان بويىچە ۋاقتىدا يوللىشى لازىم. دائىمىي كومىتېتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتتىكى قانۇن چىقىرىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، بىر قەدەر كۈچلۈك كەسپىي ساپاغا ئىگە قانۇن چىقىرىش خىزمىتى قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

### ئىككىنچى، نازارەتچىلىك سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش

بىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، نازارەتچىلىك ھوقۇقىمىزنى قانۇن بويىچە ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ئادىل ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز ۋە مەدەت بېرىمىز. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىمىز. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى دەۋر قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىقلارغا دائىر قانۇن، نىزاملار ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرىمىز. ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا بېرىپ،

قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسى جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش جەريانىنى خەلقنىڭ ھالىنى چۈشىنىش، خەلقنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش جەريانىغا ئايلاندۇرىمىز. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە سېزىلگەن چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ھەل قىلىش ئەھۋالىنى دائىمىي كومىتېتىمىزغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىمىز.

بىز ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىمىز. ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلايمىز، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرىمىز، سوئال قويۇش، سۈرۈشتۈرۈش، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەش قاتارلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن نازارەتچىلىك شەكلىنى داۋاملىق قوللىنىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا دائىر چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى دەۋر قىلىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا نازارەتچىلىك قىلىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىمىز. بۇ قېتىمقى يىغىندا ماقۇللانغان پىلان، خام چوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىمىز، پىلان، خام چوت نازارەتچىلىكى بىلەن ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈشتە داۋاملىق چىڭ تۇرىمىز. پۇختا، ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى يىغىندا ماقۇللانغان قارارلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولىمىز.

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىمىز. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، باھالاش ـ سىناش تۈزۈمى ۋە ناھەق دېلو، خاتا دېلولاردا جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش قىلمىشلىرى ۋە قانۇندىن ھالقىغان باشقا قىلمىشلارنى تۈزىتىشىگە، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىمىز. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ۋە دائىمىي كومىتېتىمىز تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش ـ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى. بۇ يىل بىز بەزى تارماق ۋە ساھەلەرنى نۇقتىلىق تاللاپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، خىزمەتلەرنى ۋە ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش ئىشىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرىمىز.

**ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچىلار، ئۇلار خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا يۈكلەنگەن فونكسىيىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ۋەكىللەر قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە تېگىشلىك ھوقۇقمۇ بېرىلگەن، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتمۇ يۈكلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك ھوقۇقىمىزنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئاڭلىق ئادا قىلغاندىلا، ۋەكىللىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى جەزمەن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچى ۋە

ئۈممىنى يەردە قويماي، ۋەكىللەر قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ۋەكىللەر قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتلەردە باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رول ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى قانداق كونكرېت ئادا قىلىشنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن. ۋەكىللەر قانۇنىدا ۋەكىللەرنىڭ مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا بىر مۇنچە بەلگىلىمە چىقىرىلغان، ئۇنىڭدا: «ۋەكىللەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىشى، ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ھەمكارلىشىشى»، «شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەمكارلىشىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ بۇ مەجبۇرىيىتى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمەتلىرىدە ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. ۋەكىللەرنىڭ رولىمۇ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق داۋامىدا جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئىسلاھاتقا دائىر چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز؛ ئىسلاھات داۋامىدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق بەزى زىددىيەتلەرنى توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك. ھازىر دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا بەزى ساھەلەردە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆپ بولۇش، تۇرمۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ كارخانىلاردىكى ۋەكىللەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە پائال ھەمكارلىشىپ، ئاممىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەپ، ئاممىنى غەم-ئەندىشىدىن خالىي قىلىشىمىز، نۆۋەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بۇ مەسىلىلەرنىڭ جەزمەن ھەل بولىدىغانلىقىنى ئاممىغا تونۇتۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۇلارنى روھلاندۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چۈشىنىدىغان ۋە قوللايدىغان، ئىسلاھاتقا پائال قاتنىشىدىغان قىلىشىمىز؛ تەرەققىيات چىڭ قائىدە دېگەن تۈپ نۇقتىئىنەزەرنى چوڭقۇر تونۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ تۆھپە قوشۇشىمىز؛ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۆپرەك ئەقىل كۆرسىتىپ، كۆپرەك چارە ئىزدەپ، كۆپرەك ئىجابىي پىكىر بېرىپ، خىزمەت ئورنىدا تۆھپە قوشۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىشىغا ياردەم ۋە مەدەت بېرىشىمىز؛ مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي-سىياسىي مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغدىشىمىز لازىم.

ۋەكىللەر! ئاپتونوم رايونىمىزدا قانات يايدۇرۇلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى بىر قاتار خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگىمۇ ئۇيغۇن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجتىمائىي-سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، شۇڭا ۋەكىللىك بۇرچىمىزنى قانۇن بويىچە ئادا قىلغاندىن تاشقىرى، ئا-

ساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق مەجبۇرىيەتلىرى-
مىزنىمۇ باشلامچىلىق بىلەن ئاڭلىق ئادا قىلىشىمىز
كېرەك. ئاساسىي قانۇندا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-
تى پۇقرالىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مەملىكە-
تىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش
مەجبۇرىيىتى بار»، «ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكىنى، شان-
شۆھرىتىنى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار،
ئۇلار ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكىگە، شان - شۆھرىتىگە ۋە
مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەردە بولماس-
لىقى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، دۆلەتنىڭ بى-
خەتەرلىكى، شان - شۆھرىتى ۋە مەنپەئىتىگە زىيان
يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق قىلمىش قانۇنغا خىلاپ بولۇپ،
جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت
ۋە خەلق ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش روھىمىز بى-
لەن، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئادا
قىلىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتە-
نىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش،
شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقى ۋە تەرەققى-
ياتى ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشىشىمىز كېرەك.
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 60 مىڭغا يېقىن ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر قايسى سەپلەردە
ئىشلەيدۇ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ياشايدۇ، خەلق ئام-
مىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ - بۆل-
گۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئىنتايىن مۇھىم كۈچ
. خەلق ئاممىسىنى كەڭ تۈردە ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە
ئۇلارغا تايىنىدىغانلا بولساق، دۈشمەنلەرنىڭ ھەرقانداق
بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى جەزمەن بىتچىت قىلالايمىز
، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ھەر قانداق سۇ-
يىقەست ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ.

ۋەكىللەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن، بىز ۋەكىللەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت
قىلىمىز؛ دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ۋەكىللەر بىلەن
ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز؛
ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋە-
كىللەرنى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ئەستايىدىل تەش-
كىللەيمىز؛ ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا
تىرىشىپ زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىمىز؛ ۋەكىل-
لەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىغا پائال
ياردەم بېرىمىز، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ۋە-
كىللەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىمىز، ۋەكىللەرگە ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ۋە مۇھىم خىزمەتلىرىنى
يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئۇقتۇرىمىز. ۋەكىل-
لەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ۋەكىللىك كې-
نىشكىسى بىلەن كۆرۈشۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ،
تېخىمۇ كۆپ ۋەكىللەرنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەس-
ئۇللىرىغا ئەھۋالنى بىۋاستە ئىنكاس قىلىش، خەلق
ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىمىز. ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە
ئادا قىلىشىغا، ۋەكىللىك ھوقۇقىنىڭ دەخلىسىزلى-
كىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرى ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قى-
لىپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى
قوغدىشى، ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللىشى،
ئۇلارنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

### تۆتىنچى، قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش

قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى قانات
يايدۇرۇش - دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭ-
جېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى ئاسا-
سىي تەلەپ. بىز قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى
ئىلگىرىكىدەكلا ئۆزىمىزنىڭ مۇھىم خىزمىتى قىلىپ
، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن چىڭ تۇتۇپ، ئۇنۇم ھا-
سىل قىلىشقا تىرىشىمىز. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇم-

18

لاشتۇرۇش 3 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئىجراسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرىمىز، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارغا قارىتىشقا، مەمۇرىي ئىشلارنى، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇپ، بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنى قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، پۇقرالىق ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق يۈرگۈزۈش، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق ئادا قىلىش، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، قانۇنغا خىلاپ بارلىق جىنايى قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىمىز. قانۇنچىلىق تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قۇرۇپ، قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى قانۇن جەھەتتىن تەربىيىلەيمىز، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ كادىرلىرىغا، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسى ئېلىپ بارىمىز. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەشۋىقاتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى تەدرىجىي تۈزۈملەشتۈرىمىز. ئاخبارات ئورۇنلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى، مۇدىرلار يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت تەشكىللىگەن قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىنى، ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىمىز، تەرتىپ خاراكتېرلىك خەۋەر قىلىشنى ياخشىلاش بىلەن بىللە، ماھىيەتلىك مەزمۇنلارنى خەۋەر قىلىشنىمۇ كۈچەيتىمىز.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇننى ئۆگىنىپ، قانۇننى قوللىنىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلىشى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزى ۋە ئىززىتىنى ئاڭلىق ساقلىشى لازىم. ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگىلىك رولى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قانۇننى ئۆگىنىشى، قانۇننى قوللىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە قانۇن ئېڭىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى لازىم.

**بەشىنچى، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش**

يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر ھەم جاپالىق بولماقتا. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمىتىگە بارغانسېرى يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ئۇل خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتىمىز. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىدىيىۋى تونۇشىمىز ۋە خىزمەت سەۋىيىمىزنى كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىمىز؛ ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇ-

رولتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە پارتىيە رەھبەرلى-
كىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداپ، سىياسىي
جەھەتتە، ئىدىيىدە ۋە ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەك بولۇپ، خەلق قۇ-
رۇلتىيى خىزمىتىدە باشتىن ئاخىر توغرا سىياسىي
يۆنىلىشتە تۇرىمىز، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى
باشتىن ئاخىر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات
ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە بويسۇندۇرىمىز ۋە خىزمەت
قىلدۇرىمىز؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش،
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش فاڭجې-
نىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى زور كۈچ بىلەن
تېزلىتىمىز؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن
دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىش
قىلىشنى ئاڭلىق ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ھاكىمى-
يەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ماھىرلىق بىلەن
جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن،
فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈزۈم ۋە
قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپە-
ئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشەببۇسنى
قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادى-
سىگە، خەلقنىڭ ھەرىكەت مىزانى ۋە ئورتاق ھەرىكە-
تىگە ئايلاندۇرىمىز.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر خەلق
بەرگەن ھوقۇقىمىزنى قەدىرلەپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى
ئېنىق تونۇپ، خىزمىتىمىزگە سادىق بولۇپ، مۇقەد-
دەس بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز لازىم. مەخ-
سۇس ۋەزىپىدىكى ئەزالارمۇ، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئە-
زالارمۇ زېھنىنى ئاساسلىقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمى-
تىگە قارىتىشى، باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇشى
كېرەك. ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقنىڭ ئى-
رادىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىپ، دېموكراتىيە
ھوقۇقىمىزنى توغرا يۈرگۈزۈشىمىز؛ كەسپىي بىلىم-
لەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خىزمەت ھوقۇقىمىزنى
قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنى
ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز؛ ئامما ۋە ئاساسىي قاتلام
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، چوڭ-
قۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئامما بىلەن كەڭ ئالاقە
باغلاپ، ئاممىنىڭ دەردىگە يېتىپ، ئامما ئۈچۈن ئە-
مەلىي ۋە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. دائى-
مىي كومىتېتىمىز ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مەت كومىتېتلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى، ھەر دەرى-
جىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بولغان ئالا-
قىنى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىز-
مىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىدۇ.
دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىكى خادىملار خىزمەت
ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، روھلىنىپ، پائال تۆھپە
قوشۇپ، خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى؛
ساپالىق خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قوشۇنىنى تىرى-
شىپ بەرپا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز فۇنك-
سىيىلىرىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشىغا پۇختا كاپا-
لەتلىك قىلىشى كېرەك.

ۋەكىللەر! بىز يېڭى تارىخىي باشلىنىش
نۇقتىسىدا تۇرماقتىمىز. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان
يېڭى ئەسىر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارى-
خىدىكى تولىمۇ پارلاق يېپيېڭى دەۋر بولىدۇ. بىز
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈ-
چىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى غەلى-
بىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى باي، دېموك-
راتىك، مەدەنىيلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان
قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز. ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بول-
غان شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئەگى-
شىپ گۈللەپ ياشنايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ كەلگۈسى چەكسىز گۈزەل. دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش
جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەممە بىر
نىيەتتە مەردانىلىق بىلەن جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارى-
تىپ، ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيلى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى

**2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى مۇدىر هامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. يىغىن مۇنداق قارايدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت هوقۇقلىرىنى پائال يۈرگۈزۈپ، قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قاتارلىق خىزمەتلەردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازى بولۇپ، بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ: ئەسىر ئالمىشىدىغان يېڭى بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدەش، ئومۇمىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش تەلىپى بويىچە، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت هوقۇقىنى پائال، ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا ماقۇللانغان قارارلارنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاشنى كۈچلۈك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، بازار تەرتىپىنى ياخشىلاش، مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشقا دائىر يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. نازارەتچىلىك هوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى، هۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى

ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇريي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرگە ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بولۇپمۇ رەھبىريي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خىزمەت تۈزۈملىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىلىرىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشنى پۇختا كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى

**2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى قاراپ چىقىپ، دوكلاتتا 1999 ـ يىل قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپتۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ساقلانغان گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىلىپتۇ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپتۇ، 2000 ـ يىللىق تەرەققىيات نىشانى ۋە ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، دوكلاتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، دوكلات شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بوپتۇ دەپ قاراپ، بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: 1999 ـ يىل ئۆزگىچە بىر يىل بولدى، خەلقئارا مۇھىت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولغان، ئىچكى ئۈنۈملۈك ئېھتىياج يېتەرلىك بولماسلىق زىددىيىتى گەۋدىلىك بولغان، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ياخشى بولمىغان پايدىسىز ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى فاڭجېن، سىياسەتلەر ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى

ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش قاتارلىق سىياسەت - تەدبىرلىرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ساقلاپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى جاپالىق تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدىن رازى.

يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 2000 - يىل 9 - بەش يىللىق پىلان ئورۇنلىنىدىغان ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىدىغان ئاخىرقى يىل، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ھەم مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا ماھىيەتلىك قەدەم تاشلايدىغان، ئاز ئۇچرايدىغان تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە پايدىلىق شارائىت بارلىققا كەلگەن ھەم ئىچكى بازار ئېھتىياجى يەنىلا يېتەرلىك بولمىغان، رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلەشكەن پايدىسىز ئامىللار مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەز ئاچقان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر سىياسەت، تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مىسلىسىز پۇرسىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، 10 - بەش يىللىق پىلاننى ئەستايىدىل تۈزۈپ، روھلىنىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىلگىرىلەپ، بارلىق ئامىللار بىلەن تەرەققىياتنى تېزلىتىشى، بۇ قېتىمقى يىغىندا بەلگىلەنگەن نىشان، ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلىشى لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ قېتىمقى يىغىندا تەستىقلانغان ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا بىنائەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش، تەرەققىيات ئالاھىدىلىككە ئىگە، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇشى؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ «3 يىلدا ئىككى نىشان»غا يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ ۋە كارخانىلارنى ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، مەھسۇلات، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ياخشىلاش، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تىرىشىپ دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلق مەبلەغ سېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئىلھام بېرىش، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ سىجىل كېڭىيىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىستېمال تەلىپىنى پائال ئاشۇرۇش، شەھەر، يېزا - بازارلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىشىكنى داۋاملىق ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، ئېكسپورت دائىرىسى ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىش؛ مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مالىيە قىيىنچىلىقىنى تىرىشىپ پەسەيتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ پەن - مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە سىجىل تەرەققىيات مۇمكىنچىلىكى ئىستراتېگىيىسىنى كۈچلۈك يولغا قويۇش؛ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاش، بىرىكمە ئىقتىسادقا تۈرتكە بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: پارتىيىنىڭ

مىللىي سىياسەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىش، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش لازىم. يېڭى دەۋردىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، نۆۋەتتە جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ياخشى ھەل قىلىش، ھەر خىل جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئىقتىسادنى تىرىشىپ راۋاجلاشتۇرۇش، شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى، كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغانلارنى بېقىش ھەققىنى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ھەققىنى قەرەلىدە، تولۇق تارقىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، يولنى كەڭ ئېچىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىشى لازىم. ئاممىغا داۋاملىق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ئاتاكىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامرات ئاممىنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش، دۆلەتنىڭ 7 يىلدا 80 مىليون نامراتنى يۆلەش ئاتاكا پىلانىنى ئورۇنلاش لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش، ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، تەدرىجىي ھالدا خادىملارنى يۆرۈشتۈرۈش، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى چېچىۋەتمەسلىك، خىزمەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق، تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسىر ئارىلىقىدىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل، پاك - دىيانەتلىك، خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان ئوبرازىنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە مەمۇرلار سىياسىي نەزەرىيە، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىش ئورنىنى قەدىرلەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى لازىم. خىزمەتكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىلنى زور كۈچ بىلەن تۈزىتىشى، چىرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالىشى كېرەك. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، يېڭى ئەسىرنىڭ كېلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى.

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئېشۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك

مەھەممەت ئىسمايىل

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقلارغا ئاساسلىنىپ، پائال ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى جانلىق، ئىجادىي ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. بولۇپمۇ 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خىزمەت خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى بويىچە قانات يايدۇرۇلدى، ھازىر نازارەتچىلىك خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، تۈزۈملەشكەن ۋە قېلىپلاشقان ئاساستا ئېلىپ بېرىلماقتا، ئۇنىڭ رولى كۈندىن كۈنگە گەۋدىلەندۈرۈلمەكتە.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى كومىتېت ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش، كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش، خام چوتنى نازارەت قىلىش، ئايرىم دېلو ئۈستىدە نازارەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خاتا دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى جەمئىيەتتە كۆرۈلۈۋاتقان قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەر، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى ياكى سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشى، قىسقىسى، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىجابىي تۆھپە قوشتى.

بىز ياخشى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا يېڭىدىن قانات يېيىۋاتقان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن نازارەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

مەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىش ئارقىلىق، جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ئېلىپ كەلگەن تەجرىبىلەرنى ئۆگەندىم، كەسپداشلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېسىل تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسمىنى رەتلەپ چىقتىم.

***قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يولغا قويغان «ئىككى تۈزۈم»***

قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1998 - يىلدىن باشلاپ، شەھەر دائىرىسىدە قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خاتا دېلولارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت «ئىككى تۈزۈم» نى يولغا قويغان. بىر يىللىق ئەمەلىيەت، «ئىككى تۈزۈم» نىڭ نۆۋەتتە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىر خىل

ئۇنۇملۇك ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى:

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىپ تارقاتقان قانۇن ـ نىزام ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللاپ ئېلان قىلغان تۈرلۈك يەرلىك نىزاملارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، خاراكتېرى، مەزمۇنغا ئاساسەن ئىجرا قىلىدىغان تارماقلارنى بەلگىلەپ ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ۋە باھالاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەت.

خاتا دېلولارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمى:

خاتا دېلولارنىڭ دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق خاتا دېلونىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئايرىپ، خاتا دېلو بېجىرگۈچى مەسئۇل خادىمنى ۋە ئۇ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي ۋە قوشۇمچە مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ھەتتا جىنايى ئىشلار جەھەتتىن جازا قوللىنىش ئارقىلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر خىل تۈزۈمدىن ئىبارەت.

«ئىككى تۈزۈم» قاراماي شەھىرىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ھەر جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىغان. بىرىنچىدىن، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇننى، كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقى ئۆسكەن، رەھبەرلەردىن تارتىپ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارغىچە ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمىسە، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئاسان خاتالىشىپ قالىدىغانلىقى، دېلو خاتا بېجىرىلسە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى ھەتتا قوشۇندىن چىقىرىۋېتىلىش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئىككىنچىدىن، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشى ئەستايىدىل بولغان. دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا پاكىتلىرى ئېنىق بولۇش، تەرتىپى قانۇنلۇق بولۇش، تەتبىقلىغان قانۇن ئاساسلىرى توغرا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلىكنىڭ كادىر، ساقچىلارنى قاتتىق ئىدارە قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلگەن. ئۇلار «ئىككى تۈزۈم» نى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈشنى كۈچەيتىش، تاشقى جەھەتتە، ئوبراز تىكلەشكە راسا كۈچ سەرپ قىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا كۈچ جەھەتتە چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەن. تۆتىنچىدىن، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۆسكەن. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۆز خىزمىتىدىن قەرەللىك دوكلات قىلىش تۈزۈمى شەكىللىنىپ، چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى، قىيىن دېلولارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ تۇرىدىغان بولغان. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارىتىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقارغان. «ئىككى تۈزۈم» نى يولغا قويۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. ئۇ دائىمىي كومىتېتنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇشتا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرى، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئەمەلىي ياردەم بېرىشتە ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

***يەنجى ناھىيىسى شىكشىن بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى يولداش ماشىڭگۈي تونۇشتۇرغان تەجرىبىلەر***

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش — يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى، پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش— خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي شەرتى. يولداش ماشىڭگۈي مۇنداق دېدى: بىز

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتكومنىڭ رەھبەرلە-
كىدە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ - چوڭ مە-
سىلىلەردە پارتكومدىن يوليورۇق سوراش ۋە دوكلاش
قىلىش ئارقىلىق پارتكومنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمە-
تىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇردۇق. شۇڭا، پارت-
كوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار
كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ،
كونكرېت يوليورۇق بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى يېقىندىن قول-
لىدى. مەسىلەن، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش،
راسخوت، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتى قاتارلىق-
لارنى قارار چىقىرىپ ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. پارت-
كوم يەنە خەلق قۇرۇلتىيى فۇنكسىيىسىنىڭ جارى
قىلدۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتكوم-
نىڭ مۇددىئاسى ۋە تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن
تەرتىپ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە خەلقنىڭ ئاڭ-
لىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، پۈتۈن
بازارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتى، چېتىلىدىغان
چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار
قىلىشىغا تاپشۇردى. بازارلىق پارتكوم يەنە خەلق قۇ-
رۇلتىيى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاش-
تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەتتىن خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى-ئاڭلىق قوبۇل قىلىشنى تەلەپ
قىلدى. خىزمەتلەردە بازارلىق ھۆكۈمەت خەلق قۇرۇل-
تىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ
ئالاقىدار يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا تەشەببۇسكارلىق
بىلەن تەكلىپ قىلدى. ھەر قېتىم مۇھىم قارار چى-
قىرىشتىن ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسىدىن پى-
كىر ئالدى.

يولداش ماشىڭگۈي ئۆز تەجرىبىلىرىنى يە-
كۈنلەپ مۇنداق دېدى: بىر قانچە يىللىق ئەمەلىيەت
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتكومنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى—
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇ-
رۇشنىڭ كاپالىتى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىزغىنلىقى
—خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى-
كى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي-
لىكى —خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ زۆرۈر
شەرتى. پەقەت ئۈچى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەندىلا،
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويغى-
لى بولىدۇ.

يولداش ماشىڭگۈي تونۇشتۇرغان بۇ تەجرىبە
قارىماققا ھەممە شۇنداق قىلىۋاتقان ۋە ھەممەيلەن قىلا-
لايدىغان ئەقەللىي ئىشتەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلغان ۋە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل
قىلغانلىقى جەھەتتە پەرق چوڭ. پارتكوم رەھبەرلىكىدە
چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش يېزىلىق خەلق قۇ-
رۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى مە-
سىلىسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نازارىتىنى
ئاڭلىق قوبۇل قىلىش مەسىلىسى نۆۋەتتە ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا
تېگىشلىك مۇھىم مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. شىكشىن
بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرى قانداق
قىلىپ ياخشى قانات يايدۇرۇلدى؟ بۇنىڭ جاۋابى ئۇلار-
نىڭ يۇقىرىدىكى تۈپ مۇناسىۋەتنى ياخشى ھەل قىل-
غانلىقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى
فۇنكسىيىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا
ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن نازارەتچىلىك
فۇنكسىيىسىنى ياخشى يۈرگۈزگەن. ئۇلار مۇنداق دەپ
قارىغان، ئىقتىسادىي خىزمەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
مەركىزىي خىزمىتى. خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ھا-
كىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھوقۇقىنى
ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى-
لاش ئۈچۈن ئىشلىتىشى لازىم. مانا بۇ تۈپ چىقىش
نۇقتا ئېنىق بولغاچقا، ئۇلار ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى
چوڭ - چوڭ ئىشلارغا ئەستايىدىل قاراپ، بۇ ھەقتە قا-
رار چىقىرىش قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىغا
بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دۆ-
لەتنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي را-
يونىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ خەلق
ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلە-
رىنى تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىشىغا ھەي-
دەكچىلىك قىلىشتەك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرا-
لىغان.

*قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئې-
سىل تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنەيلى*

شاڭخەي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى يولغا قويغان ئىككى خىل باھالاش
(خىزمەت باھالاش ۋە خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش) بار-
غانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ياخشى ئۈنۈم بەرگەن. شە-
ھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى باھالاش-
تىن بۇرۇن ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىغا باھالانغۇ-
چى ئورۇن ۋە شەخسنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىش
قىلىشنى ھاۋالە قىلغان، باھالاش يىغىنىدا ئالدى

بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەپتىش ئورۇنلىرى ئىقتىسادىي تەپ-
تىش نەتىجىسى ئېلان قىلىپ، ئوبيېكتىپلىقى دىيانەت-
لىك ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىككە ئېلان قىلغان. ئىك-
كىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
ياخشى تەشكىللەپ، قانۇن تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بې-
رىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شەنشى ئۆلكىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى باھالاش خىزمىتى نى-
زامىنى تۈزۈپ ئېلان قىلغان، نىزام بويىچە ئىشلىگەن
، باھالاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان، ئۇنىڭ ئۈنۈمى
كۆرۈنەرلىك بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاممىدا ئى-
جىدىكى ئىناۋىتى ئۆسكەن. باھالاش خىزمىتىنى خەلق
قۇرۇلتىيى ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ، بەش يىلدا مۇئاۋىن
ئۆلكە باشلىقى، نازىر، ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ھۆ-
كۈمەت ئەزالىرىنى بىر نۆۋەتتىن باھالاپ چىققان. (-
ئوخشىمىغان ئەھۋالدا، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا
يازما دوكلات بېرىش ئۇسۇلى بىلەن باھالىغان، ئۆلكە
باشلىقى، ئىككى مەھكىمە باشلىقلىرى، پىلان كومى-
تېتىنىڭ مۇدىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ھەر
يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا بەرگەن خىزمەت
دوكلاتى ئۆلچەم قىلىنغان، ئايرىم مەخسۇس باھالاش
دوكلاتى قىلمىغان) باھالاش خىزمىتىگە يېتەرلىك ۋا-
قىت ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان،
ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغان، باھالىنىدىغان ئورۇن ۋە
شەخسلەرنىڭ خىزمەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى يەكۈن-
لىگەن، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىنى ئېنىق كۆر-
سىتىپ بەرگەن. يەنە بىر جەھەتتىن، باھالاشتا خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن. «
ئىككىنى ئاساس قىلىش» يەنى باھالاش مەزمۇنى مە-
مۇرىيەتنى قانۇن بويىچە ئىشلەش، يەنە بىرى، ئەدلى-
يىدە ئادىل ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئاساس قىلىنغان
. كادىرلاردا ئەخلاق، قابىلىيەت، نەتىجە جەھەتلەردە
ئومۇمىيۈزلۈك سىناق قىلىش بولۇپ قالماسلىق؛ باھا-
لاشنى دېموكراتىك ئاساستا ئوچۇق - ئاشكارا ئاممىۋى
لۇشىيەن ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىش، مەخپىي تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بارماسلىق بەلگىلەنگەن. باھالانغۇچى
دوكلاتىدا نەتىجە سۆزلىمەكچى بولسا، ئۆزىنىڭ شۇ نە-
تىجىلەردىكى رولىنى سۆزلەش، مەسىلىنى سۆزلىگەندە
، ئۆزىنىڭ شۇ مەسىلىدىكى مەسئۇلىيىتىنى سۆزلەش،
ئورۇن بىلەن شەخسنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتمەسلىك تەلەپ
قىلىنغان. باھالاشتا تۆت خىل پرىنسىپقا ئەمەل قى-
لىنغان: پارتىيە كادىر باشقۇرۇش ۋە پارتىيە رەھبەرلى-
كىدە بولۇش پرىنسىپى؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەپ، قانۇن تەرتىپى بويىچە باھالاش پرىنسىپى؛
دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى؛ ياخشى ئۈ-
نۈمگە ئېرىشىش پرىنسىپى. بۇنداق باھالاش ھەر قايسى
قېرىنداش ئۆلكىلەردە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ كادىرلارنى نازارەت قىلىشىنىڭ ئۈنۈم-
لۈك يولىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. باھالانغۇچى قانۇننى
ئىجرا قىلىش، خىزمەتنى جان پىدالىق بىلەن ئىش-
لەشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئۆسۈش ئىمكانىيە-
تىگە ئېرىشسە، يەنە بىر جەھەتتە، ئىدىيە، قانۇن،
ئىستىل جەھەتتە يېڭى تونۇشقا، قانۇننى بىلىش، چا-
كار بولۇش، پاك بولۇش، نازارەتنى قوبۇل قىلىش ئې-
ڭىغا ئىگە بولغان. شۇ ئورۇننىڭ خىزمىتىدە يېڭى
كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈ-
رۈلگەن، ئۈنۈمى ياخشى بولغان.

كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپى-
سىدىن قالدۇرۇش ئىشىدا ياخشى تەجرىبىلەر بارلىققا
كەلگەن. شەنشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلاردىن قانۇن
بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئالغان. ھۆكۈمەت، ئىككى
مەھكىمە ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىدىنمۇ ئىمتى-
ھان ئالغان. ئىككى مەھكىمە قارمىقىدىكى كادىرلاردىن
ئىككىكى مەھكىمە ئىمتىھان ئالغان. ئىمتىھان سوئا-
لىنىڭ 40% ى ئاساسىي قانۇننى، % 60 ى كەسپىي
قانۇنلارنى مەزمۇن قىلغان. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرۋە-
زىپىگە تەيىنلەش قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن. ھۆكۈ-
مەت، ئىككى مەھكىمە ئەزالىرى دائىمىي كومىتېتنى
سايلاشتىن بۇرۇن خىزمەتنى قانداق قىلىپ ياخشى
ئىشلەيدىغانلىقى، نازارەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغ-
رىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەن.

فۇجيەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغى-
نىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلتايدا ۋەزىپىگە تەيىن-
لىنىدىغان ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە كادىرلىرىنى
يىغىپ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقان. جياڭسۇ ئۆل-
كىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈ-
مەت، ئىككى مەھكىمە ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىن-
لەشتە، ئالدى بىلەن شۇ ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى
ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ قانۇن ئۆگى-
نىش، مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، ئەدلى-
يىدە ئادىل بولۇش، پاك - دىيانەتلىك جەھەتلەردىكى
ئەھۋالىنى چوڭ يىغىندا تونۇشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا
قويغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن جايلار ۋە
قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نا-

زارەتچىلىك خىزمىتىدىكى ئۇنۇملۇك تەجرىبىلىرى
بىزنىڭ ئەينەك قىلىشىمىزغا، پايدىلىنىشىمىزغا
ئەرزىيدۇ. بۇلار خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت دۆلىتى-
مىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ كۈندىن كۈنگە
مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىدا بارلىققا
كېلىۋاتقان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا بېرىل-
گەن قانۇنىي ھوقۇقنى ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئىجادىي
قوللىنىش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتقان قىممەت-
لىك تەجرىبىلەردۇر. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئېلى-
مىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. ئاساسىي قانۇندا: دۆ-
لىتىمىزدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ، مەم-
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى
يۈرگۈزىدىغان ئورگىنىدۇر؛ دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك
مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش
ئورگانلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.
ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ بەلگى-
لەنگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم: «ھەر
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچى-
رىنىڭ ھوقۇقىنى خەلق بەرگەن، بارلىق كادىرلار ۋە-
زىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرى، شۇڭا، ئۇلار خەلقنىڭ ۋە
قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت»؛ «خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەت-
چىلىكى دۆلەت ۋە خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان
، قانۇن كۈچىگە ئىگە نازارەتچىلىك، ئۇ ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي
ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىشقا ھەقىقىي كاپا-
لەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ»؛ «ئۇ شەخسىي
ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى بىر خىل دۆلەت قۇرۇل-
مىسى»؛ «دۆلىتىمىزدىكى ھازىرقى نازارەتچىلىكلەر
ئىچىدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئور-
گىنى سۈپىتىدە قىلغان نازارەتچىلىكى ئەڭ يۇقىرى
قاتلاملىق نازارەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق نازارەت-
چىلىك ھەم بىر خىل چەكلىمە، ھەم قوللاش ۋە ئىل-
گىرى سۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەنىدى.
باش شۇجىنىڭ بۇ مۇپەسسەل بايانلىرى خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە
مۇھىملىقىنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن باشقا
دۆلەت ئىجرائىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭ-
قۇر شەرھلەپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي-
لىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچى-
لىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشىگە
ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيە 15 - قۇ-
رۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش،
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» تىن
ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئوتتۇرىغا قو-
يۇلۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى
تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن
بويىچە يولغا قويۇش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش
— دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيا-
لىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تە-
لىپى ۋە مۇھىم ھالقىسى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، خەلق قۇرۇل-
تىيىدىن ئىبارەت ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن
ئىجرائىيە ئورگىنى بولغان ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى
نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتى،
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى خەلققە ۋاكالىتەن
قىلىنىدىغان نازارەتچىلىك، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى ماھىيەتتە
خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلغانلىق، شۇنداقلا
خەلققە جاۋاب بەرگەنلىك. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نازارەتچىلىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى
قوللاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ، خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق قوبۇل
قىلغاندىلا، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى
ئىشلىگىلى بولىدۇ.

بۇندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك يەرلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى
پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇ-
قىملىقتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىلەرنى چۆرىدىگەن
ھالدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىقتى-
سادى گۈللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، خەلق
تۇرمۇشى باياشات، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق بولغان
سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش يولىدا ئالىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رو-
لىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشى-
شىمىز كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگاپلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ئابدۇرېھىم سەيپۇل، بارات سايىم، جاپپارجان قادىر

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىمىز يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە خىزمەتلەرنى پائال، تەشەببۇسكارلىق ھەم ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، يېزا- بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك ياخشى پۇرسەتكە ئىگە قىلدى.

***بىرىنچى، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇردى***

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە قانۇن - تۈزۈم كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. ناھىيىمىزنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدىكى كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتتىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن خادىملار بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، خاراكتېرى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بولۇپمۇ بەزى يولداشلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قاتتىق قانۇنىي تەرتىپلىرىگە ۋە كوللېكتىپ مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. دائىمىي كومىتېتىمىز كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۈچ جەھەتتىن يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىرىنچىدىن، خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىدىكى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە خىزمەتچىلەرنى مەخسۇس كۇرس ئېچىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارغا ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى قاتارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىتىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رىياستىنىڭ ئورنى، خاراكتېرى، فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى ئېنىق تونۇتۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتتى. ئۆتكەن يىل ناھىيىلىك 13 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ناھىيە بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدىكى كادىرلار ۋە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرگە ئۈچ قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. تەربىيىلەنگەن ئادەم 80 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئىككىنچىدىن، يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەيئەت رىياستى يىغىنىغا قاتنىشىپ، يېزا- بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيە بويىچە بەش يېزا، بەش بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس، مۇئاۋىن

رەئىسلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ دائىمىي كومىتېت يە-
غىنىغا تەكلىپ بىلەن سىرتتىن قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارغا
يىغىن تەرتىپى، قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش
شەكلى ۋە خىزمەت دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقىش تەرتىپى
قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئۆگەتتى. ناھىيىلىك 13 ـ
نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق
يىغىنىدىن باشلاپ، ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت
يىغىنىغا 2 دىن 3 كىچە يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەي-
ئەت رىياسەتچىلىك رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى
تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ ئۇلارنى تەربىيىلىدى. ھەر
يىلى بىر قېتىم يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلى-
رىنىڭ خىزمەت تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئې-
چىشتا چىڭ تۇردى. مەسىلەن، 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا
يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىك خىزمىتى
بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى بىر قەدەر ياخشى ئىشلىگەن
بەزى يېزا ـ بازارلارغا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا
مەخسۇس تېمىدا تەجرىبە سۆزلەشنى ئورۇنلاشتۇردى.
باھالاش خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشتىكى تەج-
رىبە ـ ساۋاقلارنى، قانداق قىلغاندا خ ق ھەيئەت رىيا-
سەتچىلىك ياخشى رەئىسى بولۇشتىكى ئىشلەش ئۇسۇلى
ۋە تەسىراتىنى، ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانداق قىلىپ
ياخشى تەشكىللەپ قانات يايدۇرغانلىقىنى، ۋەكىللەر
بەرگەن تەكلىپ، تەۋسىيە، پىكىرلەرنى قانداق قىلىپ
ياخشى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىكى تەجرى-
بىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇردى. خۇلاسىلەش ۋە
تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، يېزىلىق، بازارلىق
خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش ھەققىدە ئىزدى-
نىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئورتاق ئىلگىرىلەش ۋە ئۆسۈش
مەقسىتىگە يەتتى. ئۈچىنچىدىن، يېزىلىق، بازارلىق
خەلق قۇرۇلتايلىرىغا بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ،
ئۇلارنى ياخشى قانۇن ـ تۈزۈم ۋە خىزمەت مۇھىتىغا ئىگە
قىلدى. ناھىيىمىزدە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ تەسىس قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى.
جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتى-
يى خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيىسى، خاراكتېرى قاتار-
لىقلارغا بولغان تونۇشى ئېنىق ئەمەس. بەزى يېزىلىق،
بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرى-
سىدىكى نازارەت قىلىش ـ نازارەت قىلىنىش مۇناسى-
ۋىتى ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا دائى-
مىي كومىتېت رەھبەرلىرى يېزا، بازارلارغا چوڭقۇر
چۆكۈپ، يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملار ئاچقان ھەر
خىل يىغىنلاردىن پايدىلىنىپ ئاساسىي قانۇن، تەش-
كىلىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى، سايلام قانۇنى قاتارلىق
قانۇن، نىزاملارنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتې-
رى، ئورنى ۋە رولىنى تەشۋىق قىلىپ، پارتكوم، خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئې-
نىق چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە،
ئالاقىلىشىش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قا-
تارلىق پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىش، تەشۋىق
قىلىش ئارقىلىق خەلق ۋەكىللىرى ۋە كادىرلارنى يې-
زىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى،
ئورنى، رولى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ
قانۇنىي تەرتىپلىرىگە قارىتا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك
چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇ-
دىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە
ئەھمىيەت بەرگەن يېزىلىق، بازارلىق پارتكوم شۇجى-
لىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قوللىغان ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ،
ھەممە يولداشلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە
كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ
ئارقىلىق يېزىلىق، بازارلىق پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قوللىشىنى قولغا كەل-
تۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قېلىپلىشىش ۋە تو-
زۈملىشىش ئىزىغا سالدى. شۇنداقلا رادىئو ـ تېلېۋى-
زىيە ۋە ھەر خىل يىغىنلاردىن پايدىلىنىپ تەشۋىق
قىلدى.

***ئىككىنچى، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى***

دائىمىي كومىتېتىمىز يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
ھەيئەت رىياسەتچىلىك خىزمىتىگە يېتەكچىلىك
قىلىشقا باشتىن ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ، پائال ئىز-
دىنىپ ۋە دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، قانۇندا بەل-
گىلەنگەن مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە قانۇنىي سورۇكنى

بوشاشتۇرماستىن چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1. يېزا - بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە ھەيئەت رىياسىتىنىڭ سانلىق يىغىنلىرىنى قانۇن بويىچە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. تەربىيىلەش، تەشۋىق قىلىش ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىلدى. شۇنداقلا، يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، رولى ۋە ھەيئەت رىياسىتىنىڭ سانلىق يىغىنلىرىغا بولغان تونۇشى ئۆستى. ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنى ئېچىش خىزمىتى يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. ھەر قايسى يېزا - بازارلار قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنى ئېچىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە قارىتا قارار ۋە بەلگىلىمە چىقاردى. 1998 - يىلى نۆۋەت ئالماشتۇرۇلغاندىن بۇيان، ناھىيە بويىچە ئون يېزا - بازار تەۋەسىدىكى چوڭ ئىشلاردىن 28 نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

2. نۆۋەتلىك سايلام خىزمىتىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دائىمىي كومىتېتىمىز ئەزەلدىنلا يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەتلىك سايلام خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. 1998 - يىلى 10 - ئايدا باشلانغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەتلىك سايلام خىزمىتىدە ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، تەشكىلىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى قاتارلىق قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سايلام لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش، ئاپپاراتلارنى تەشكىللەپ قۇرۇش، سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ تەشۋىق قىلىش، سايلام رايونلىرىنى ئايرىش، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش، دەسلەپكى ئىسىملىكنى باغقا چىقىرىپ ئېلان قىلىش، رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنى بېكىتىپ ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىشتىن تارتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىشقىچە بولغان تۈرلۈك خىزمەتلەردە بەش پرىنسىپ ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئون قانۇنىي سۈرۈكتە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى.

نۆۋەت ئالمىشىش سايلام خىزمىتىدە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەنگەنلىكتىن، نۆۋەتلىك سايلام خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ۋەكىللەرنىڭ سانى ئۆتكەن نۆۋەتتىكىدىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇلدى.

3. قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش — خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. شۇ ئارقىلىقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيىدىكى ئون يېزا - بازارنىڭ خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىغا بولغان قانۇن نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، دوكلات ئاڭلاش قاتار-

لىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، يەتتە پونكىت ۋە سەككىز ئورۇننىڭ خىزمىتىنى باھالىدى. پەقەت 1998 ـ يىلىلا باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشقان ۋەكىللەر سانى 173 كە يېتىپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30% نى ئىگىلىدى. ۋەكىللەر باھالانغۇچى ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە قارىتا 300 دىن كۆپرەك تەكلىپ ۋە پىكىر بەردى. يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئىشلەندى. بىرىنچىدىن، قانۇنلارنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇن ـ نىزام ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مائارىپ قانۇنى، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى، ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى نىزامى، ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق قانۇن ۋە يەرلىك نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئىجراسىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇشتىن قالغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزا يىغىمىسىنىڭ خام چوت، تەق چوت لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلار تاپشۇرغان كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزا يىغىمىسىنى مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپى بويىچە ئالدىنقى يىللىق كىرىمنىڭ 5 % ى ئىچىدە قاتتىق كونترول قىلىشقا، مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن جوغلانما ئەمگەكنى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىشقا، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىككىنچى قېتىم 30 يىللىق ھۆددىگە بېرىش خىزمىتىنىڭ قانۇن بويىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئىككىنچىدىن، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. سۇ، توكنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش، قىسمەن كەنتلەرنىڭ قالايمىقان سېلىق سېلىش، قىسمەن يېزا ـ بازارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ناچار بولۇپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە قارىتا، يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى خەلق ۋەكىللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەشكە تەشكىللەپ، سەۋەبلەرنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتتىن ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەركەزنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەرنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللەپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى. 1998 ـ يىلى باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھەر قايسى يېزا ـ بازارلار يۈرۈشتىنى چىڭ تۇتۇپ، باش شۇجىنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنى دىنىي سورۇنلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، دىنىي سورۇنلارنىڭ قانۇن بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۈچىنچىدىن، خەلق تىڭشىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەكشۈردى. تۆتىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، پىكىرلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدا بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىشىنى سۈيلەپ تۇردى.

4 . قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسىنىڭ بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىلگىرى، يېزا ـ بازار رەھبەرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام ھوقۇقى پەقەت رەسمىيەتنى بېجىرىش ئۈچۈنلا، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشتىكى بىر خىل شەكىلدىن ئىبارەت دەپ قارايتتى. ھەتتا بەزىلىرى ئومۇمەن پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلۈمى ماقۇللاپ كۆرسەتكەن نامزاتلارنىڭ ھەممىسى يۈزدەيۈز سايلىنىدۇ،

رەسمىيەتچىلىك قىلماي بىۋاسىتە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىسە
بولمامدۇ، دەپ قارىغان. بۇرۇن ناھىيىمىزدە خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ سايلىمىدىن ئۆتكۈزمەي، ۋەزىپە ئارتىپ
چۈشكەن پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل قىسمەن مۇئاۋىن
يېزا - بازار باشلىقىنى بىۋاسىتە ۋەزىپىگە تەيىنلەش
ئەھۋالى يۈز بەرگەن. نەچچە يىللىق خىزمەت يېتەك-
چىلىكى ئارقىلىق، ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى
پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيىغا تونۇشتۇرغان كادىرلار پار-
تىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىنىڭ كونك-
رېت نامايەندىسى، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇشى
بىلەن يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ كا-
دىرلارنى قانۇن بويىچە سايلاپ ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ۋە
ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۆلچىمى پۈتۈن-
لەي بىردەك بولۇپ، ھەممىسى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم
قابىلىيەتلىك كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىك
ئورنىغا قويۇشتىن ئىبارەت، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە-
زىپىگە تەيىنلىشى ۋە قالدۇرۇشى بولسا قانۇن بويىچە
ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدىغان بولدى.
شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىمىزنىڭ يې-
زا - بازارلىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەت كادىر-
لىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ۋە
ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدىغان ئەھۋاللار قايتا يۈز بەرمىدى.

***ئۈچىنچى، ئالاقىنى كۈچەيتىپ، نا-
ھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللە-
رىنىڭ بىرلەشمە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇ-
شىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئىج-
تىمائىي ئىشلاردىكى رولىنى جارى قىلدۇردى***

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ
يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى جارى
قىلدۇرۇش - قىلدۇرماسلىقى ۋەكىللەرنىڭ يىغىن
مەزگىلىدىكى ۋە يىغىن يېپىق مەزگىلىدىكى خىزمەت-
لەرنى ياخشى ئىشلەش - ئىشلىيەلمەسلىكىگە باغلىق.
ئۆتكەندە ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلىدىكى پائا-
لىيەتلىرى ئاساسەن كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇ-
رۇلمىغان، ۋەكىللەرنىڭ رولىمۇ دېگەندەك تولۇق جارى
قىلدۇرۇلمىغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك
خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىدىكى ھەر قايسى يېزا -
بازارلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ۋەكىل-
لەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى، ۋەكىللەر بى-
لەن سايلىغۇچىلارنىڭ ئالاقىلىشىش تۈزۈمى قاتارلىق
لارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت پا-
ئالىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى
ناھىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرى بىلەن ۋە يېزا -
بازارلارنىڭ باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى خەلق ئاممىسىغا
زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ، ئەمەلىي ئىشلار بىلەن
زىچ بىرلەشتۈردى. ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت پائالىيەتلە-
رىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇق،
مەجبۇرىيەت كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئامما-
سى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇردى. ھەمدە
ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ بىر-
لەشمە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار تارماق-
لارنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلىق، با-
زارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ قانات
يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، پائالىيەتنىڭ
ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دائىمىي
كومىتېتىمىز ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈ-
رۈپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يى-
غىن يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، تۆۋەن-
دىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك
قىلدى.

1. دائىمىي كومىتېتىمىز يېزىلىق، بازار-
لىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك
قىلىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، يېزا - بازارلىق
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە
خىزمەتچى خادىملىرىنى چەت رايون، قوشنا ناھىيە،
شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشتىكى ئىلغار تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىپ
كېلىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا نەزەر دائىرىسىنى
كېڭەيتىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ۋەكىل-
لەر بىلەن سايلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈ-
چەيتىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق ئەھۋالىنى ئىگى-
لەپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش
رولىنى جارى قىلدۇردى. ناھىيىلىك، يېزىلىق، با-
زارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا
قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئولتۇراقلى-
شىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنى

تەشكىللەپ، ئايدا بىر قېتىم ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. يېزىلىق ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى چوڭ پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغاندا، شۇ رايوندا ئولتۇرۇشلۇق ناھىيە ۋەكىللىرىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يېزا - بازارلار، كەنتلەر، گۇرۇپپىلاردا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ياكى يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىگە تېزدىن ئىنكاس قىلدى، ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئوخشىمىغان ئەھۋاللارنى ھۆكۈمەتكە ياكى ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. ۋەكىللەر بىلەن سايلىغۇچىلارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاممىنىڭ پىكرى ۋە ساداسىنى ۋاقتىدا ئىگىلىدى. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىدى. ئىككىنچىدىن، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق ئەھۋالىنى پىششىق ئۇقۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن سىياسەتلەرنىڭ دېموكراتىك ئىلمىي بولۇشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، زىددىيەتلەرنى ۋە ئاز سانلىق تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى.

2. پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشقا باشلامچىلىق قىلدى، ئۆتكەن يىلى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئۆز ۋاقتىدا «پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى 300 يۈەن ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكوم تۈزگەن نىشاننى زىچ دەۋر قىلىپ، ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن دېھقان - چارۋىچىلارنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش يولىغا باشلاشقا چاقىرىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ۋەكىللەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

3. «قوش باشلامچىلىق قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يەنى بېيىشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشكە باشلامچىلىق قىلىپ، ئورتاق بېيىش يولىدا ماڭدى. خەلق ۋەكىللىرى، ئاممىنىڭ ئارىسىدىكى ئىلغار شەخسلەر ئۆزلىرى بېيىپلا قالماي، نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ بېيىشىغا ياردەم بەردى.

پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق، يېڭى روھىي قىياپەت، يېڭى خىزمەت ئىستىلى بىلەن خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى يىلمۇيىل ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھازىر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، ئىناۋىتى ئۆستى. خەلق ئاممىسىدىن خەلق قۇرۇلتىيىنى ئىزدەپ مەسىلە ھەل قىلدۇرغانلار ۋە ئىش بېجىرتىدىغانلارمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى تېخىمۇ كۈچلۈك جارى قىلدۇردى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. گەرچە ھازىر پائال ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، مول ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، بەزى تەجرىبىلەر توپلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىزدىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا كەمتەرلىك بىلەن قېرىنداش ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**(ئاپتورلار پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى
تېلېفون: 61028 - 4828065

# خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش هوقۇقىنى قارار چىقىرىش هوقۇقى قىلىپ قويماسلىق كېرەك

ۋاڭ يۇڭلى

خاراكتېرى ۋە ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا: خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش هوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى دۆلەت مالىيە ئىشلىرىدۇر، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار چىقىرىش هوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى تۈپ نېگىزلىك، ئۇزاق مەزگىللىك چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسى، دۆلەت مالىيە هوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، كېيىنكىسى دۆلەت ئىشلىرى هوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مالىيە هۆكۈمەت پائالىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە تۈۋرۈكى هېسابلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر بۇ هەقتە ئوخشاش بولمىغان بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئورتاق ھالدا ئاساسىي قانۇندا كاپالەتلەندۈرۈلگەن ئەڭ ئالىي مالىيە هوقۇقىنى پارلامېنتقا تاپشۇرىدۇ. ھالبۇكى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا پارلامېنتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى ئوخشاش ئەمەس.

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندا: ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا دۆلەتنىڭ خام چوت، نەق چوتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك خىزمەت هوقۇقى دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە «دۆلەتنىڭ خام چوتىنى ۋە خام چوتىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ» دەپ كۆرسىتىلىپ، قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش ۋە قارار چىقىرىش قاتارلىق خىزمەت هوقۇقلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇلدى. ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت هوقۇقى توغرىسىدا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرى ئارىلىقىدا، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ، دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان قىسمەن تەڭشەش توغرىسىدىكى لايىھەلەرنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ.» دەپ كۆرسىتىلىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى قارار چىقىرىدىغان ئىشلاردىن ئايرىم قويۇلدى. قارار قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى قارار شەكلىدە چىقىرىلىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا كۆرسىتىلگەن ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت هوقۇقى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا كۆرسىتىلگەن يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت هوقۇقى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا كۆرسىتىلگەن ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت هوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردە خام چوت تەستىقلاش هوقۇقى بىلەن قارار قىلىدىغان ئىشلار ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىلگەن.

هوقۇق يۈرگۈزۈش شەكلى جەھەتتىن قارىغاندا: خام چوت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش هوقۇقى ۋە چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار قىلىش هوقۇقى ئوخشاشلا قارار ـ بېكىتمە شەكلىدە چىقىرىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەنلا خام چوت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش هوقۇقىنى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش هوقۇقىغا تەڭ دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولمايدۇ.

چۈنكى قارار ـ بېكىتمىلەر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى بىر خىل ھۆججەت، ئالاقە شەكلى. خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىدە قارار ياكى بېكىتمىدىن ئىبارەت يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى كەڭ قوللىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ نەتىجىسى پەقەت تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. ھالبۇكى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئاقىۋىتى تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقتىن باشقا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ئاندىن تەستىقلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا: 1954 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ خام چوتى (نەق چوتى) نى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھەر نۆۋەتلىك ۋە ھەر قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىنىڭ مۇھىم قارالمىسى بولۇپ قالدى. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمىغان يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يىغىن قارالمىلىرىدا، خام چوت، نەق چوتقا مۇناسىۋەتلىك قارالمىلار مۇتلەق نىسبەتنى ئىگىلەپ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمەت ھوقۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. خام چوت قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، خام چوتنىڭ ئىجراسىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش، خام چوتنىڭ ئىجراسىنى تەڭشەش، نەق چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىقلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بېكىتكەن دائىملىق خىزمەت بولۇپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئوبيېكتى كۆپىنچە ئېنىق بەلگىلەنمىگەن دۆلەتنىڭ نېگىزلىك، چوڭ ـ چوڭ، ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلىرى بولۇپ، قارار چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ ئېنىق دائىرىسى يوق. نۆۋەتتە، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يىغىنىنىڭ قارالمىلىرىدا چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش قارالمىسى خام چوت قارالمىسىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.



يۇقىرىقى ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا بەرگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى، ئۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يۈرگۈزۈۋاتقان چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان، ئاساسىي قانۇندا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان مۇستەقىل ھوقۇقتۇر.

(«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 1 ـ سانىدىن)

ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە

سامساق سادىق



ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتى…
سادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا شۇنىڭ…
دەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە…
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئۈزلۈك…
سىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگ…
شىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ…
دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭى…
ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنى…
شىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش…
ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىل…
مەكتە. قانۇن قورالىدىن پاي…
دىلىنىپ ھاكىمىيەت ئورگان…
لىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ…
قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى…
قوغداش ئۈچۈن، ھال ئېيتىپ…
كەلگۈچىلەر پەيدىنپەي كۆپەي…
مەكتە. ھەر دەرىجىلىك خ ق…
دائىمىي كومىتېتلىرى ئۈچۈر ۋە…
بازار تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل…
لىشىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ ھېسابلىماقتا.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت ئىشخانىسى دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىكىدە، ئەرزىيەت خىزمىتى ئارقىلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنى، دائىمىي كومىتېتنىڭ قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، ئۆز جايىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى يىلمۇيىل مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە قېلىپلاشتۇرغان، خىزمەت سالمىقىنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە شارائىتنىڭ تولۇق يار بەرمەسلىكىدەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپا چېكىشتىن

…قورقماي، ھەر مىللەت ئەرزىيەتچىلىرى ئۈ-
…چۈن ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى
…قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، دەردىنى ئاڭ-
…لاپ، بىر ياقلىق قىلىش پىكرىنى
…ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشى-
…گە يوللاپ بەرگەن. ئۆزىگە تەۋە
…بولمىغان ئىشلارغا قارىتا ئۇي-
…دان نومۇر قويۇپ تىزىملاپ
…مەسئۇل رەھبەر كۆرۈپ چىق-
…قاندىن كېيىن، ۋاقتى بەل-
…گىلەپ، ئالاقىدار ئورۇنلار-
…نىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇر-
…غان، شۇ ئارقىلىق بېجىرى-
…لىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمىنى
…ئۆستۈرگەن. بىر تەرەپ قى-
…لىش قىيىن بولغان مۇھىم،
…جىددىي دەپ قارالغان ئەرزلەر-
…نى رەھبەرلىك ياكى مۇدىرلار
…يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سې-
…لىپ ئاندىن بىر تەرەپ قىلغان.
…ئەرزىيەتچىلەرنى مۇدىرلار نۆۋەت بى-
…لەن قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىزچىل
…داۋاملاشتۇرۇپ، ناھىيە (شەھەر) گە تەۋە
ئەرزلەرنى ناھىيە (شەھەر) لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكەن. سوت، تەپتىش، ج خ، ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى ئىشلارنى شۇ ئورۇنلارنىڭ ۋاقتى بەلگىلەپ جاۋاب بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان. مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش سۈپىتى ئاشقانسېرى، ئەرز قىلىپ كېلىدىغان ئادەم ۋە خەت - چەكلەر سانى يىلدىن يىلغا كۆپەيگەن. مەسىلەن، دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى 1991 - يىلى 32 پارچە ئەرز تاپشۇرۇۋالغان بولسا، 1999 - يىل 11 - ئايغىچە 201 پارچە خەت - چەك قوبۇل قىلغان، 290 ئادەم - قېتىم كۈتۈۋالغان. بۇنىڭغا كوللېكتىپ ئەرز قىلغۇچىلارنى ۋە ئەرزنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى قايتا سۈرۈشتۈرۈپ كەلگۈچىلەرنى قوشقاندا 1000 ئادەم - قېتىمدىن ئاشقان. كوللېكتىپ ئەرزدىن 29 پارچىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلغان. 1999 - يىل ئۆتكەن ئالاقىلەردىن

جاۋاب كەلگىنى 62 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 14 پارچە ئەرز ياخشى ھەل قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى تىپىك بىر ئەنزىنى مىسالغا ئالساق، خېجىڭ ناھىيە 223 ـ تۆەندە ئولتۇرۇشلۇق ساۋۇت داۋۇت 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «سۇغا چۆشۈپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقىرىلغان قىزى ئايگۈلنىڭ ئىشىدا نارازىلىق ئەرز يېزىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەرزنى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇن چىقمىغانلىقتىن ئاخىرى بايىنغولىن ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىغا ئەرز سۇنغان. ئۇلار بۇ ئەنزىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ئادەم چىقىرىپ، بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق بۇ ئەنزە پاش قىلىنىپ، جىنايەت گۇماندارى قولغا ئېلىنىپ، جىنايەت پاكىتلىرى تولۇقلانغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار كۆپ. قىسقىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى دېلو شىكايەتنى نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قوش مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت باشقارمىسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

(بېشى 46 ـ بەتتە)

قىزغىن سۆيىدىغان، مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنى ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەندۈرگەن، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە ھەسسە قوشالايدىغان، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى مائارىپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ئۆزىگە تەتبىقلايدىغان، كەسىپنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولغان، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىشكە ماھىر، يېتەكلەشكە قابىل، ئۆگىتىپ زېرىكمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، تەن جازاسى بېرىش ھەرىكەتلىرىدىن خالىي، سەمىمىي ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئورنىتالايدىغان، ئىنتىلىشىپ ئالغا بېسىش روھىغا باي، ھەرىكىتى، مۇھىتى، سۆزى گۈزەل، باشقىلارغا ئەدەپلىك بولغان، مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھىغا باي بولغان ئوقۇتقۇچىلارغا مۇھتاج. دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى خەلق، پارتىيە بىزگە ئىشىنىپ تاپشۇرغانىكەن، بىزنىڭ پارتىيە، خەلق تاپشۇرغان بۇ شەرەپلىك ھەم جاپالىق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشىشلا ھەققىمىز باركى، ئوقۇغۇچىلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدىغان، ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان، شەخسىي مۈلكىمىز قاتارىدا كۆرۈشكە ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. بولۇپمۇ ساپا مائارىپى تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بۇرۇلۇش پەيتىدە، بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى ۋە يېقىن كىشىلىرى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە تېگىشلىك ياردىمىمىزنى قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئەمەلىيەتتە ۋەتەن، خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش يولىدا ئىشلىگەن كىچىككىنە خىزمىتىمىز بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا خەلق بىزگە ئاتا قىلغان «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا، خەلقنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىگە يۈز كېلەلىگەن بولىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» لاياقەتلىك سودىيە بولۇشنىڭ ئاساسى

توختىروزى مەتنۇرى

سودىيىلەرنىڭ «سىياسىيغا، ئۆگىنىشكە، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» ى ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇپ، سوت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە خەلق رازى بولغان لاياقەتلىك سودىيە بولۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

1. سودىيىلەر دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىدىغان ھوقۇقلۇق كىشىلەردۇر. سودىيىلەر تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلىگەن، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە سوت قىلىپ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە جازا ئۆلچەيدۇ. ئەگەر سودىيىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسى قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» ى يېتەرسىز بولۇپ، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولمىسا، چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا ئاسانلا كەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلىغان ۋە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇشنى قەستلىگەن جىنايەتچىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش كېلىپ چىقىدۇ - دە، ئەسلىدىلا قاتتىق زەربە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلمەي، چۆچۈتۈشكە تېگىشلىك دۈشمەنلەر چۆچۈتۈلمەي، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش سىياسىي كۈرىشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ زېمىندا سودىيىلەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» ىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، سىياسىي ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، سىياسىي جەھەتتىكى مەيدانىنىڭ قەتئىي بولماسلىقى، چوڭ ھەق - چوڭ ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىشتە قاتتىق بولماسلىقتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتكىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر بېرىدۇ.

2. سودىيىلەر خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى قوغدايدىغان كىشىلەردۇر. دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. سوت مەھكىمىسى دۆلەت ماشىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. سودىيىلەر بولسا دۆلەتكە ۋاكالىتەن سوت مەھكىمىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان، خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنى قەستلىگەن تۈرلۈك جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە جازا بېرىپ، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدىغان كىشىلەردۇر. سودىيىلەر ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا سادىق بولۇشى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، دېلولارنى سوت قىلىشتا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشى، پاك - دىيانەتلىك بىلەن دېلو بېجىرىشى، ئۆز نەپسىنى دەپ قانۇننى ئاياغ - ئاستى قىلماسلىقى، دۆلەت مەنپەئەتىنى، جامائەت مەنپەئەتىنى قوغدىشى، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، پاك - ئادىل بولۇشى، كۈچلۈك سىياسىي ساپاغا، كەسپىي ساپاغا ۋە ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

3. سودىيىلەر قانۇنغا، دۆلەتكە، پارتىيىگە ۋە خەلققە سادىق بولۇشى كېرەك. قانۇن دۆلەت، پارتىيە، خەلق ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى. سودىيىلەر بولسا، سىياسىي قانۇن كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىر «ۋېنتىل» ى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىۋاستە ھالدا قا-

نۇننى ئىجرا قىلغۇچى كىشىلەردۇر. سودىيىلەر قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ۋەتەنگە، پارتىيىگە ۋە خەلققە سادىق بولمىسا، ئۇ قانۇننى توغرا، ئادىل ئىجرا قىلالمايدۇ. دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش جەھەتتىكى بۇرچىنى ئادا قىلالمايدۇ. شۇڭا، سودىيىلەر چوقۇم ۋەتەنگە، پارتىيىگە ۋە خەلققە سادىق بولۇشى كېرەك.

4. سودىيىلەر كەسپىي ساپا بىلەن سىياسىي ساپانىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. سودىيىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، قانۇنلارنى چۈشىنىش، دېلولارنى قانۇن بويىچە توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئەلۋەتتە تەسكە توختايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سودىيىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، سودىيىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسى ئاچقۇچ. سودىيىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان بىلەن سىياسىي ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ خەلقنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىيالمايدۇ. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى يولداش رېن جيەنشىن بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ: «سودىيىلەر ئالدى بىلەن سىياسىيئون بولۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىن قانۇنشۇناس بولۇشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

سوت مەھكىمىسى پارتىيىنىڭ سىياسىيتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوت مەھكىمىسى خەلق دېموكراتىيە ـ دىكتاتورىسىنىڭ بىر مۇھىم تۈرى. سودىيىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى، سىياسىي ساپاسى، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» ئاڭلىقلىقى يۇقىرى بولمىسا، چوڭ ـ چوڭ نەھەق ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدۇ ـ دە، قاتتىق زەربە بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرەلمەي قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇۋسۇپ كەتكەن خورىكىنى پەسەيتىشتە، جىنايەتچىلەرنى چۆچۈتۈشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سودىيىلەر چوقۇم «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» جەھەتتە باشلامچى بولۇشى، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشى، سىياسىينى ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشى، مۇستەھكەم سىياسىي مەيدان تىكلىشى لازىم.

5. سودىيىلەر قانۇننى پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك. سودىيەنىڭ پاك ـ دىيانەت بولۇش ـ بولماسلىقى نۆۋەتتە سودىيىلەرنىڭ 3 كە ئەھمىيەت بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆلچەم. سودىيىلەرنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى سوت مەھكىمىسى قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ سىياسىي ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. سودىيىلەر پاك ـ دىيانەتلىك بولمىسا، كەسپىي سەۋىيىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان بىلەنمۇ دېلولارنى ياخشى سوتلاپ بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. سودىيىلەر دېلونى سوت قىلىشتا دەۋالاشقۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدىغانلار بولغاچقا، ئۇلارغا «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى، سىياسىي ئىنتىزام تەربىيىسىنى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش تەربىيىسىنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. سودىيىلەر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ھەققىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنى ياخشى ئىجرا قىلىشى، قانۇننى ئاياغ ـ ئاستى قىلماسلىقى، خىيانەت قىلىپ قانۇننى ساتماسلىقى، مېھمان بولۇپ سوۋغا ئالماسلىقى، پارا سورىماسلىقى، پارا ئالماسلىقى، تىجارەت قىلماسلىقى، پايدا قوغلاشماسلىقى، ئاممىنى بوزەك قىلماسلىقى كېرەك.

6. سودىيىلەر قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش سودىيىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى. نورغۇن پۇقرالار ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ئادىل ھەل قىلالماي، ئىنتايىن چوڭ ئۈمىد بىلەن سوت مەھكىمىسىگە كېلىدۇ. سودىيىلەر بولسا، كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ ئىش بېجىرىدىغان خادىملار بولغاچقا، ھال ئېيتىپ كەلگەن پۇقرالار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدۇ. پۇقرالارمۇ سوت مەھكىمىسىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ئادىل سودىيىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، سودىيىلەر ئادىل ئىش بېجىرىپ، ھەممە ئىشتا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشى، «مۇناسىۋەت دېلوسى»، «ئىلتىپات دېلوسى»، «پۇل دېلوسى» بېجىرمەسلىكى، ھەر قانداق ئورۇننىڭ تەسىرىگە ۋە ئارىلىشىشىغا ئۇچرىماسلىقى لازىم. سودىيە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولغاندىلا، قانۇننىڭ قەتئىيلىكىنى ۋە ئادىللىقىنى خەلق ئالەمگە نامايان قىلغىلى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغىلى، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى، پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغىلى بولىدۇ.

*(ئاپتور گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)*

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى
تېلېفون: 4828065 ـ 61208

# «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى

باھارگۈل ساۋۇت

گوۋۇيۈەن 1991 - يىلى ھۆججەت چىقىرىپ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بەردى. بۇ ئۆلچەم ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەربىيىلەش ئوبيېكتىنىڭ باشقا ئەمگەك (جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك) ئوبيېكتلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆلچەپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆلچىگۈچ سۈپىتىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىنژېنىرى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئۆلچەم بىلەن ئۆزىنى كۆزىتىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بۇ شەرەپلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئىزدىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە يات بولغان ناچار ئىللەت، ناچار ئىستىللار ئەكس ئەتكەن ھەتتا قانۇن خاراكتېرىنى ئالغان مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. ئۈرۈمچى شەھىرى تۆمۈريول شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىنى «تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مەنىۋىيىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشتەك جىنايەت تۈسىنى ئالغان قىلمىشى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قاتتىق غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەۋاتقان، ئۆز پەرزەنتلىرىنى كەم - كۈتسىز ئىشىنىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تاپشۇرۇۋاتقان ئاتا - ئانىلار بۇ ئىشتىن ئۆكۈندى. جاپاغا چىداپ ئىشلەۋاتقان، مائارىپ ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆرۈپ ئۇلارنى ئاسراۋاتقان كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇنداق ۋەھشىيانە قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلىنىشتى.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تارماقلىرىدا خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈش ... مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش، بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ، ئادىل تەربىيىلەش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش؛ 4 - ماددىسىدا: ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈش، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ۋە يېتەكلەشكە ماھىر بولۇش، ئۆگىتىپ زېرىكمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتمەسلىك، مەسخىرە قىلماسلىق، ئۇلارغا تەن جازاسى بەرمەسلىك، دېموكراتىك، باراۋەر، سەمىمىي بولغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى ئورنىتىش؛ 5 - ماددىسىدا: قانۇنغا بويسۇنۇش ... دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىكى ئىنتايىن زور كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار قانۇنىغا، ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىپ بارلىقىنى پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جان - دىل بىلەن ئىشلەپ، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدە ئاز بىر قىسىم قانۇنسىزلىققا ياتىدىغان مەسىلىلەرنى سادىر قىلىۋاتقان كىشىلەر يەنىلا مەۋجۇت.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قولىنى سۈپۈرگىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن، ئوقۇغۇچى دەرھاللا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دوكلات قىلغان. گەرچە بۇ ئىشلار ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغان — ئوقۇغۇچىغا تەن جازاسى بېرىپ ئوقۇغۇچىنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئوقۇتقۇچى

مەمۇرىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئىش ھازىرغىچە كەسپىي ئەخلاقى ناچار بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئېيبلەشتە كونكرېت بىر مەسىلىغا ئايلىنىپ قالغان.

بىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلارنى بىلىم ئىگىسى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىگۈچى دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. دەۋر ئالمىشىدىغان بۇ تارىخىي پەيتتە، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ دۇنيالىششى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىدە كۈندىن كۈنگە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقتا. بىلىمنى يېگىلاش ئاساس قىلىنغان ئىقتىسادى كەلگۈسى دۇنيانىڭ بىر مۇھىم تەرەققىيات ئىگىلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە. بۇنىڭ بىلەن بىلىم ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى مىللەت ساپاسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بارغانسېرى دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم شەرتلىك بەلگىسى، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياكى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. مانا مۇشۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېڭىلىق يارىتالايدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش، پۈتكۈل خەلقنىڭ ساپاسىنى ۋە دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خەلقئارالىق رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلىيەلەيدىغان، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش تارىخنىڭ مائارىپ قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. ئوقۇتقۇچىلار، مائارىپ خىزمەتچىلىرى ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. لېكىن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مائارىپ-

دىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەردە يەنىلا ئوقۇتۇشقا توغرا يۈزلەنمەسلىك، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتىنى توغرا تەھلىل قىلالماسلىق، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئەمەس، بەلكى كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ھەقىقىي سادىق بولماسلىقتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئۇلار ئۆزلىرىنى مائارىپقا بېغىشلىمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەيدۇ. ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ «براك مال» لارنى جەمئىيەتكە چىقىرىپ بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچى سۆزىنىڭ مەنىسى — ئادەم تەربىيىلەش دېگەنلىكتۇر. بىز مائارىپچىلار تەربىيىلەۋاتقان ئادەم — بىرىنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتىمىز. بۇ، باشقا كەسىپتىكىلەرنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتلىرىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بىر تەربىيىلىنىۋاتقان بولغان، تەربىيىلەۋاتقان ئادەملەر تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ياساپ چىقىلغان، ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك ۋاستىلىرىغا ئوخشاش ئەمگەكچى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولماستىن، بەلكى ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان، ھېسسىياتلىق، ئۆزگىرىشچان، يېڭىلىققا تېز قوبۇل قىلىدىغان، دورامچانلىقى كۈچلۈك ھايات ئادەملەردۇر. ئۇلار ئويلايدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ، بىر نەرسە ئۆگىنىدۇ، سۆزلەيدۇ، ھەتتا يامىنى كەلسە بىز بىلەن قارشىلىشىپ ئېلىشىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بىر كۈن، بىر ئاي، بىر يىلدا كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئوقۇتقۇچى ئەمگىكى ئىزچىللىقتا، داۋاملىقلىقتا، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكتە ئىگە. ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانى ئوقۇتقۇچىلاردا ئۆزىگە خاس بولغان كەسپىي ئەخلاق ساپاسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسى ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ ئوبيېكتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆيگىنىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆيگىنى دېگىنىمىز — ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆيەت مۇئەييەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆيگىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سۆيگىنى، ئوقۇتۇش ماھارىتى سۆيگىنى، ئىدىيىۋى ئەخلاق سۆيگىنى قا-

43

تارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بىزگە ئوخشاش تەرەققىي قى-
لىنىۋاتقان دۆلەتكە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا
ئوخشاش ئىقتىسادى ئارقىدا قېلىۋاتقان رايونلارغا نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-
تۆۋەنلىكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتقا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسان-
يەتنىڭ پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش، پەن-تېخنىكا تە-
رەققىياتىدىن قارىغاندا، مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە
ۋە پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە ئادەم ئاساسىي ئا-
مىل ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنى يېتىشتۈرۈش مائارىپنىڭ
ۋەزىپىسى. پەن-تېخنىكىنىڭ تۈرتكىلىك رولى ئەم-
گەك كۈچى سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدە ئالاھىدە ئى-
پادىلىنىدۇ. چۈنكى، بىلىم بىلەن قوراللانغان يۇقىرى
مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئەمگەكچىلەرلا دۆ-
لەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. يۇقىرى
سۈپەتلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئومۇملىشىشى پەن-تېخ-
نىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-
رىگە ئايلىنىشىنى تېزلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەن-
تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. مائا-
رىپ — ئەنە شۇ ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋاسىتىسى. ھەر قانداق بىر
دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىنقى شەرت
قىلىدۇ. مائارىپنىڭ تەرەققىياتى بىر دۆلەتتە ئەمگەك
كۈچى، بىلىم مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، خەلق سۈ-
پىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، ئادەم كۈچى كاپىتالى-
نىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي
قىلىش سەۋىيىسى ۋە سۈرئىتىنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ.
مائارىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى. مائارىپتىن ئايرىل-
غاندا ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللانغىلى، نام-
راتلىق ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلغىلى، خەلقنى بېيىتقىلى
بولمايدۇ، مائارىپ ھەر قانداق بىر نىيەتتە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ يوشۇرۇن كۈچى.

ئېلىمىز، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى باشقىلار بىلەن
سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئارقىدا، پەرق يەنىلا زور. مائا-
رىپ قوشۇنىمىزدا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇر-
چىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكىنى يوق. مەسئۇلىيەتنى ئادا
قىلىش تۇيغۇسى كەمچىل، ئۆز خىزمىتىگە بولغان
تونۇشى ئايدىڭ ئەمەس. تارىخنىڭ ئۆز خىزمىتىنىڭ
ئۈستىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەپ
كۆرگىنى يوق. مەن بۇ ھەقتە بىر قانچە نۇقتىلار بو-
يىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

1. بىلىم بېرىش بىلەن ئادەم تەربىيە-
لەشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك

مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتى ئادەم تەربىيە-
لەشتىن ئىبارەت. بالىلار ئالدى بىلەن «ئادەم» بولۇشنى
ئۆگەنگەندىلا ئاندىن «يارامىلىق كىشى» لەردىن بولالىشى
مۇمكىن. مەكتەپ بىلىم بېرىدىغان ئورۇن بولۇپلا قال-
ماستىن، ئۇ مەخسۇس ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئورگاندۇر.
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش، بالىلارنىڭ
تەربىيىلىنىشىنى باشقۇرۇش، بالىلارنىڭ تەربىيىلى-
نىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلى-
يەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. ئۆزلىرىنىڭ
خىزمەت ئالاھىدىلىكى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىگە بىر-
لەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ،
ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن يول ئېچىپ ئوقۇغۇچى-
لارغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. يۈك-
سەك كەسپىي ئەخلاقى ئارقىلىق بالىلارغا تەسىر كۆر-
سىتىشى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ئە-
قىل-پاراسىتىنى سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلىشى،
ئوقۇغۇچىلار بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى
، توغرا كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە توغرا
دۇنيا قاراشنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس سېلىشقا ياردەم
بېرىش لازىم. ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانى ئۇزاق مۇد-
دەتلىك ئەگرى-توقاي مۇرەككەپ بىر جەريان. بىر ئا-
دەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىلىم كۆز قارىشى ئۇزاق
مۇددەتلىك تەربىيىلىنىش، ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلۈش جەريانىدا مۇكەممەللىشىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى
قەدەمنى پۇختا ئېلىشى لازىم. ئوقۇتۇش جەريانىدا نەزە-
رىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشنىڭ
قاراتمىلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، دەرسلىكتىكى بىلىم
بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ تونۇشىدىكى جانلىق رېئال مە-
سىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بىلىم بېرىشنى
ئالدىنقى شەرت، ئىشەندۈرۈشنى ھالقا، ئەمەلىيەتتە
قوللىنىشنى مەقسەت قىلىش، ئوقۇغۇچىلار بىلەن

ئوقۇتقۇچىلار ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۆگىنىشتە قاتمال كونا ئۇسۇلنى چۆرۈپ تاشلاش، ئىسلاھ قىلىش، ئىجادچانلىق رىھى بولۇش، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم. ئوقۇتۇشنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ھەم بىلىم بېرىش، ھەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت تۈپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، تونۇشنى توغرىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپتىن يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقى ۋە سەۋرچانلىقىمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتىنىڭ ئايدىڭلىشىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ كىيىم ـ كېچەكى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، سۆزى ـ ئىستىلى، ئەخلاق ـ پەزىلەتتى قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈكسەك ئوبرازى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ چىقىرىشى لازىم. مانا بۇلار مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان شەكىل بولماستىن، ئوقۇتۇش جەريانىدا تەبىئىي سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولۇشى لازىم.

2. تەربىيە پۇزىتسىيىسى قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر پېداگوگى ماكارىنكو ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر قانچە كەسپداشلىرى بىلەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كونا جەمئىيەتتە قەلەندەر، ئوغرى، لۈكچەك، باش ـ پاناھسىز قالغان 2000 غا يېقىن بالىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. بۇ بالىلار كېيىن ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ماكارىنكو ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر قانداق تەنتەك بالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئېينىشتېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى بولمىغان، خۇسۇسەن ئۇ تىل ئۆگىنىشتە خام سۆز بىلەن تېپىكىستنى ئەستە تۇتۇشقا ماھىر بولمىغان. شۇڭا گرېك تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى «سەن ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ئادەم بولىسەن» دېگەن. ئېينىشتېيىننى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىلا ئەمەس، باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ «ئىستىقبالى يوق ئوقۇغۇچى» دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قابىلىيەت — ئادەمنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىك.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئوقۇتۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە ئۇنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان بارلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز خاراكتېرىدىكى ئوخشىماسلىق — ئېغىر بېسىقلىق بىلەن تېتەكلىك، ئىنكاسنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاستا ـ تېزلىكى، مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشنىڭ ھەر خىل بولۇشى، كەيپىياتنىڭ مۇقىم ۋە تۇراقلىقلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئۆگىنىش، ئەخلاق كۆز قاراشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە باشقا پائالىيەتلەردىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىشى، ئوقۇغۇچىنى ھۆرمەتلىشى، ئوقۇغۇچىنى ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى لازىم. چۈنكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەۋاتقان، ئوقۇتۇۋاتقان ئوبيېكت — ئوقۇغۇچى، ئۇ جانسىز ئۈسكۈنە ئەمەس، ئۇ پىكىر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ھەرىكەت قىلىش، سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان جانلىق ئادەم، ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەيمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتىنى تەھلىل قىلىشى، ئالدى بىلەن ئۇنى چۈشىنىشى لازىم. ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئانالىز قىلغاندىلا ئۇنىڭ بىلەن بىمالال يېقىنلىشالايدۇ، ئۇنى ھەقىقىي كېرەكلىك «ئادەم» قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. «دۆت» ئوقۇغۇچى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

ئوقۇغۇچى ھەرگىزمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ

شەخسىي مۈلكى ئەمەس. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا تەن جازاسى بېرىش، غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەش، شەخسىي ئەمگەكلىرىگە سېلىش قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا يات بولغان ھەرىكەتلەردە بولسا، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايدۇ. گەرچە ئۇلار ئېغىزدا ئوقۇتقۇچىغا بولغان نارازىلىقىنى ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازى خۇنۇكلىشىدۇ. ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئۇنداق ئوقۇتقۇچىدىن يوشۇرۇن بىزار بولىدۇ.

«ناچارلار سىنىپى» تەسىس قىلىش — بۇ شەكلى ئۆزگەرگەن جازالاش خاراكتېرىدىكى ئۇسۇل ئوقۇغۇچىنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ. ئۇلار «ناچارلار سىنىپى» دىكى «كىچىك قەھرىمان» لار ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھالدا پەيدا قىلىنغان بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىرىنى سىناق قىلىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە بىر توركۇم براك مال جەمئىيەتتىكى كىشىلەر سېپىگە قوشۇلىدۇ. بۇنداق تارىخىي رىيالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، «ناچارلار سىنىپى» تەسىس قىلىش ئومۇمىي مائارىپنىڭ تەلىپى ۋە مائارىپ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن رىيالىق. چۈنكى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىشتە ئارقىدا قالغان ۋە ئەخلاقى ناچار ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشتە كۆرۈنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى دىل مەسىلە قويۇشقا، ئويلاشقا، سۆزلەشكە يېتەكلەش بىلەن ئىجادىي دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر. مەيلى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن سوئال سورىغاندا بولسۇن ياكى تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە بولسۇن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابىغا نىسبەتەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا، قىيىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. بەزى ساۋاقداشلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ھەتتا ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. بۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا سەۋرچان بولمىغاندا ياكى يېتەكلەش كەمچىل بولغاندا ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىغا باشلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى مەسخىرىلىك ئىبارىلەر بىلەن ھاقارەتلىگەندە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا تەنقىد قىلىدىغان، ھەتتا ئوقۇغۇچى بىلەن ئۆچمەنلىشىدىغان، دوسكىغا تۆۋەن نومۇر ياكى نۆل نومۇرنى يوغان قىلىپ يېزىپ قويىدىغان ئەھۋال ئوقۇغۇچىنىڭ غۇرۇرىغا قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ، شۇ ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق نورمالسىز كەيپىيات ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ ئىناۋىتى تۆكۈلىدۇ، خالاس. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى بىلمەي ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە چىراغ ياندۇرۇپ، پىلانلىق، مەقسەتلىك، قەدەم ـ باسقۇچلۇق بىلىم بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت تونۇماسلىقىدىن ئىبارەت ساۋاتسىزلىقىنى ئەمەس، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى بىلمەسلىكىدىن ئىبارەت ساۋاتسىزلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئايرىم پەرقلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئالاھىدە ئىقتىدارلىقلار بىلەن ناچارلارنى تەڭشەپ يېتەكلەش لازىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوبيېكتى ئوقۇغۇچى بولغانىكەن، ھەر تەرەپلىمە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، پسىخىكا جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا، پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ خاتالىق، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم. قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن ھۆرمەتلەش، ئىشىنىش، كەمسىتمەسلىك. مانا بۇ مائارىپ خادىملىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي كەسپىي ئەخلاق. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مائارىپ قوشۇنى پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولمىغان، مائارىپ خىزمىتىنى سۆيمەيدىغان كىشىلەرنى ئۆز قوينىدا ساقلىمايدۇ؛ مائارىپ قوشۇنى — خەلقنىڭ مائارىپىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمنى، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى

(داۋامى 39 ـ بەتتە)

# «ھاكىملار مەھەللىسى» دىن زور مىقداردىكى مال - مۈلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولماسلىق جىنايىتىگە نەزەر

مەمتىمىن ئابلىز

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتكۈل جەمئىيەت قاسراق تاشلاپ زور تەرەققىيات، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن جۇلالىنىپ كەتتى. بىر قانچە قېتىملىق مائاش ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ئېشىپ، تۇرمۇش قارىشىدا يېڭىلىنىش بولدى. ھەر قېتىم مائاش ئۆسكەندە مال باھاسىمۇ سەندىن مەن قالامتىم دېگەندەك ئەگىشىپ ئۆسمەي ئالدىغا سەكرەپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم «ئالدىن بېيىغان» دۆلەت خىزمەتچىلىرى باھانىڭ ئۆسۈشىدىن قورقۇپ قالماي كاتەكتەك پاراۋانلىق ئۆيلەردىن ئازادە ھەشەمەتلىك خۇسۇسىي ئۆيلەرگە كۆچۈۋالدى. خىزمەتنىڭ باشلامچىسى بولغان بەزى ئەمەلدارلار ئۆي سېلىش دولقۇنىدا باشلامچىلىقنى قولدىن بېرىپ قويغىلى تاس قېلىپ يەنە ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. ئۇلار «ئۆي دېگەننى مۇنداق سالىمىز» دېگەندەك ناھىيە، شەھەرلەرگە ئەڭ يېقىن، ھېچكىم ئۆيلۈك يەر ئالالمىغان، شارائىتى ئەۋزەل مۇنبەت تۇپراقتىن مەڭگۈلۈك يەر ئېلىپ مېھمانخانا ئاچسىمۇ، رېستوران قىلسىمۇ بولغۇدەك قىلىپ، كىچىكرەك بىر ئىدارىنىڭ جۇغىدا كېلىدىغان شەخسىي ئۆيلەرنى بىنا قىلدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ، رېكورت يېڭىلايدىغانلار ۋە ئوخشىتىپ سالىدىغانلار كۈنسېرى كۆپىيىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ناھىيەلەردە ئاتالمىش «ھاكىملار مەھەللىسى» دۇنياغا كەلدى. شەھەردە ئۇنداق ئاتالمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۈلگە بولغۇدەك يېڭى مەھەللىلەر شەھەر ئەتراپىنى قاپلىدى. «ھاكىملار مەھەللىسى» دە ھەقىقىي ھاكىم بولغانلار ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيدۇ. مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنى قوشقاندىمۇ يېرىمىگە يەتمەيدۇ. ئەمما بۇ ئاز سانلىقلار ئىچىدىكى بەزى بىرسىنىڭ سېلىۋالغان ئۆيىنىڭ پۇلىغا باشقا بىر قىسىم باي پۇقرالارنىڭ ئۆيىدىن ئوننى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. كوچىدىكى قاناتلىق پاراڭلاردىن قارىغاندا، مەلۇم ناھىيەدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار «ھاكىملار مەھەللىسى» گە ئۆي سېلىش ئۈچۈن خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ھەقسىز ھەل قىلغان ماتېرىيال ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ پۇلىنى قوشقاندا 400 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنغان. بۇ ئۆينىڭ قانچىلىك كاتتىلىقىنى تەسۋىرلەشكە شائىرانە ھېسسىيات ۋە تىل كېرەك. لېكىن بىزدەك جامائەت تىلىدا پىكىر قىلىدىغانلارغا «400 مىڭ يۈەن» دېگەن ساننىڭ ئۆزى كۇپايە. بۇ قىممەت ئوتتۇراھال دېھقان ئۆيىدىن يۈزگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنى ھەر قايسى «ھاكىملار مەھەللىسى» دە ئىزدىمەي قاتىرى بويىچە كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ قاتارلىق ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى زادى قانچىلىك مائاش ئالىدىغاندۇ؟ دېسەك سىزنىڭكى بىلەن مېنىڭكىدىن كۆپ پەرقى يوق. ئەر - ئايال ئىككىسى ھەر ئايدا بىر يېرىم مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئېلىشى مۇمكىن. مائاش دېگەن شۇنداق كەپتەر باچكا چىقارغاندەك تېز ئاۋۇيدىغان چىشى مالمىكىن دېسەك ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بار. 30 يىل خىزمەت قىلغان نۇرغۇن سەپداشلىرىمىز ھازىر قەۋەتلىك بىنادىكى ئۆيىگە 30 مىڭ يۈەن چىقىرالماي كەلگۈسىدىكى مائاشىنى قەرزگە ھېسابلاپ بېرىۋاتىدۇ.

زادى بۇلار قانداق ئادەم، ئۇلار قانداق ئادەم؟ ئۇلارنىڭ مائاشىدىن سىرت پۇل تاپىدىغان بىرەر غەيرىي سۈپەتلىك ئەڭگۈشتىرى بارمۇ ـ يوق؟ بۇ جەھەتتە ئەدلىيە خادىملىرىدىن باشقىلىرىمىزنىڭ رازۋېدكا قىلىپ پاكىت تېپىش هوقۇقىمىز يوق. ئەمما ھەممىمىزنىڭ جامائەت پىكرى ئاساسىدا جەمئىيەت تىلىدا پىكىر بايان قىلغۇدەك ئىقتىدارىمىز ۋە هوقۇقىمىز بار. پىكرىمىزنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ چوقۇم مائاشىدىن سىرت پۇل تاپىدىغان «ھەممىگە قادىر ئەڭگۈشتىرى» بار. ئۇ بولسىمۇ خەلق بەرگەن هوقۇق.

«ھاكىملار مەھەللىسى» دە قەد كۆتۈرگەن ئاشۇ بىر قىسىم ياسىداق ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى باشقارما، ئىدارە، بۆلۈم، مەكتەپ، شىركەت، يېزا ـ بازار ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلاردا ئەمەل، شتات، پۇل، تەقسىمات، چاقىرىقنامە ۋە شەرەپلىك سان ھالقىلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتىدىغان، كەينىدىن ھاجەتمەنلەر ئۈزۈلمەيدىغان ھەر دەرىجىلىك «ھاكىم» لاردىن ئىبارەت. ئۇلار خەلق بەرگەن هوقۇقنى خەلق ئۈچۈن خالىس، ئادىل ئىشلەتمەي، بىر قىسىم ھاجەتمەن خەلقنى ئۆزىگە يېلىندۇرۇپ بەزىدە ئاشكارا باھا قويۇپ، بەزىدە «قورساقىمدىكىنى تاپ» دەپ ئىشنى كەينىگە سوزۇپ هوقۇقنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم تېپىشتۇرغۇچى ئۇزۇنتۇلاقلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، هازىر 6 ـ ئاي كىرە كىرمەيلا ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنىڭ «يېتەكچى باھاسى» «بازار» غا چىققان. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا 8000 يۈەن، تېخنىكوم مەكتەپتە ئوقۇشقا 5000 يۈەن پارا ئېلىنىدىكەن. بۇ خەۋەرنى بەزى ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمىدىن ئوقۇپ دادىسىغا يەتكۈزگەن. تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىنى لاياقەتلىك پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتلىك ئىمتىھانغا توسالغۇسىز قاتنىشالماي «تاللاش ئىمتىھانى» دەيدىغان بىر يەرلىك توساققا دۇچ كېلىشى ئوقۇغۇچىلار غەم ـ قايغۇسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ «باي ـ كەمبەغەلنى ئايرىش ئىمتىھانى» دەيدىغان نامى بار ئىكەن. بۇ پەقەت پات ئارىدا «خامان» ئالىدىغان بىر ساھەدىكى ئەمەلدارلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك شامىلى بولۇپ، باشقا ساھەدىكىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس «ئالتۇن كۆز» پەسلى بولىدىكەن. بانكىنىڭ بىخەتەر قاراڭغۇ ئىشكاپى ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەخپىيىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، «ھاكىملار مەھەللىسى» دەك يورۇق زېمىندا تۇساتتىن قەد كۆتۈرگەن كاتتا ئىمارەتنى بىزگە هوقۇقنىڭ دۆلىتىنى مەغرۇر كۆز ـ كۆز قىلىپ تۇرماقتا.

ئەمدى نەزەرىمىزنى قانۇن ـ نىزامغا ئاغدۇرايلى. دۆلىتىمىز خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ۋە خەلق مەنپەئىتىگە كەلتۈرىدىغان بالايىئاپەتتىنى ئاللىبۇرۇن بايقاپ، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1988 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش ھەققىدە قوشۇمچە بەلگىلىمە» چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن چىرىكلىككە قارشى كۆرەش يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇنلىغان نەپسانىيەتچى ئۈنسۇرلار خەلق تۇپىدىن تازىلاندى. لېكىن چاشقاننىڭ بىر تۆشۈكىنى ئەتسە يەنە بىر تۆشۈكىدىن چىققاندەك بۇ نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئايىغى ھازىرغىچە ئۈزۈلگىنى يوق. «تۆلكىدىن تەلىم ئالغان» بىر قىسىم قۇۋ، جاھىل نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلار تەكشۈرۈشتە پارا ئالغان ياكى خىيانەت قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلماي سەپسەتە سۆزلەپ، ئۆزىنى ئاقلاپ قانۇننى ئالداشقا ئۇرۇنسا، دەلىل ـ ئىسپاتلار يېتەرلىك بولماي خىيانەت قىلغان ياكى پارا ئالغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسا، ئەمما «ھاكىملار مەھەللىسى» دىكى كاتتا ئىمارىتىدىن ئىبارەت زور مىقداردىكى مال ـ مۈلۈك بىلەن كىرىم مەنبەسى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرق مانا مەن دەپ تۇرسا بۇنى قانۇننىڭ سوتىغا تارتقىلى بولامدۇ ـ يوق؟ نەپسانىيەتچىلىككە قارشى كۆرەشنى ئۇزۇن مۇددەت توسالغۇسىز ئۈكسۈتمەي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ مەسىلىمۇ يۇقىرىقى بەلگىلىمىنىڭ سىرتىدا قالمىغان. ئۇنىڭ 11 ـ ماددىسىدا «دۆلەت خىزمەتچىلىرىدىن مال ـ مۈلكى ياكى چىقىمى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق كىرىمىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتكەن، كىرىمى بىلەن چىقىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۆپ بولغانلارنى كىرىم مەنبەسىنى ئىزاھلاپ بېرىشكە بۇيرۇشقا بولىدۇ. شۇ كىشى كىرىم مەنبەسىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرەلمىسە كىرىمىنىڭ ئارتۇق قىسمى قانۇنسىز تاپاۋەت دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن

مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە
سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ھەم شۇنىڭغا قوشۇپ مال ـ
مۈلكىنىڭ ئارتۇق قىسمىنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى
بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ھازىر بۇ بەلگىلىمە جى-
نايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 395 ـ ماددىسىدىن ئورۇن ئېلىپ
رەسمىي قانۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

«ھاكىملار مەھەللىسى» دىكى بەزى ياسىداق
ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ قانۇندىكى ئاشۇ بەلگىلە-
مىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ قارىمۇقارشى رەقىبلەردىن
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. رەقىبلەرنىڭ ئۇزۇن يىل
بىر يەردە تۇرۇپ دوقۇرۇشۇپ قالمىغىنىدىن ھەيران قا-
لىمىز ياكى گۇمانىمىز تۇيېتىن خاتا. ئەمما قانۇن بىلەن
جىنايەت گۇماندارىنىڭ بىر زامان، بىر ماكاندا تۇرۇپ
بەش ـ ئون يىلغىچە سوت سەھنىسىدە ئۇچرىشالمىغان-
لىقى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىدۇ.

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا خى-
يانەتچىلىك، پارىخورلۇق، زور مىقداردىكى مال ـ مۈل-
كىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولماسلىق دېلولىرىنى
تەكشۈرۈش، پاش قىلىش ھوقۇقى خەلق تەپتىش مەھ-
كىمىسىگە بېرىلگەن. يىللاردىن بۇيان، خەلق تەپتىش
مەھكىمىلىرى ئورغۇنلىغان خىيانەتچىلىك، پارىخور-
لۇق دېلولىرىنى پاش قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى
كۈرەشتە زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئەمما «زور
مىقداردىكى مال ـ مۈلكىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق
بولماسلىق جىنايىتى» دېگەن جىنايەت نامىنىڭ بارلى-
قىنى جەمئىيەتتە زور كۆپچىلىك كىشىلەر ھازىرغىچە
بىلمەيدۇ. چۈنكى زور كۆپ ساندىكى خەلق تەپتىش
مەھكىمىلىرى بۇنداق دې-
لودىن بىرىنىمۇ تۇرغۇزۇپ
باقماي، بۇ بەلگىلىمىنى
ئون يىلدىن بۇيان پېچەت-
لەنگەن مالدەك ئىشلەتمەي
ساقلاپ كەلدى. تەكشۈرۈل-
گەنلەرنىڭ ھەممىسى خى-
يانەتچىلىك، پارىخورلۇق
قىلمىشىنى ئىقرار قىلى-
ۋېتىپ، بۇنداق دېلو ئې-
چىشقا گۇماندار قالمىدى



مىكىن دېسەك، «ھاكىملار مەھەللىسى» دىكى ھەشە-
مەتلىك ئۆيلەر ھوقۇقنىڭ غەيرىي قۇدرىتىنى كۆز ـ
كۆز قىلىپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. خەلق
تەپتىش مەھكىمىلىرى قولىدىكى قانۇننىڭ قۇدرىتىنى
نامايان قىلىپ، ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرىنى مال ـ
مۈلكىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىزاھلاپ بېرىشكە بۇي-
رىسا بولاتتى. ئەمما، مۇناسىۋەت تورى قويۇقلىشىپ،
گويا بىر تېمىم سۇنىمۇ قاچۇرۇپ قويمايدىغان بوگۈنكى
دەۋردە تەپتىشلەرنىڭمۇ دائىم دەپ يۈرىدىغان «قىيىنچى-
لىقى» بار، تەكشۈرۈلگۈچى ئادەتتىكى دۆلەت خىزمەت-
چىسى بولسىغۇ بۆسۈپ كىرىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ
قىلغىلى بولىدۇ. ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى ئۆزىدىن چوڭ
ئەمەلدار بولۇپ قالسا «توقماق كىچىك، قوزۇق چوڭ»
كېلىپ قېلىپ بۆسۈپ كىرىشكە ياكى بىر تەرەپ قىلىشقا
ئاجىز كېلىدۇ. بەزىدە «يىلتىزى بىر تۇتاش» چىقىپ
قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. لېكىن قانۇن ئالدىدا بۇنىمۇ
قىيىنچىلىق دېگىلى بولامدۇ؟ ئېگىپنىڭ توچكىسى تەپ-
تىشلەر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈك-
لۈكىدە.

كۆز ئالدىمىزدا 21 ـ ئەسىر قۇچاق ئېچىپ
تۇرۇپتۇ. بىز ئاشۇ يېڭى دەۋر ئۇلۇغ تويىنىڭ ئالتۇن
بوسۇغۇسىغا، بىر قىسىم ئىپسانىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ
مەينەت ئاياغ بېسىشىغا قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە قا-
راپ تۇرالمايمىز. ئۇلارنى سەپتىن سۈزۈپ قېلىش ئۇ-
چۈن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى باتۇر، جەڭگىۋار روھ
بىلەن قانۇن تورىنى مۇناسىۋەت تورى ئۈستىدىن غالىپ
كەلتۈرۈشى كېرەك.

دېمەك، بىز خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنى
قولىدىكى قانۇن قورالىنى جانلىق ئىشلىتىپ، جىنايى
ئىشلار قانۇنىنىڭ 395 ـ ماددىسىدىن «ھاكىملار مەھەل-
لىسى» گە نەزەر سېلىشقا دالالەت قىلىمىز. بۇ ئاپتور-
نىڭ ھېسسىياتى بولماستىن، جەمئىيەتنىڭ تەقەززا-
لىق ساداسى.

**(ئاپتور يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق
ھۆكۈمەتتىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# گۇۋاھلىق ئاپپاراتى بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ كۈچى بىلەن ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ بەرگەن ئىسپاتىنىڭ كۈچىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقلىرى توغرىسىدا

مەتىمىن موللانىياز

ئۆزۈندىن بۇيان گۇۋاھلىق ئاپپاراتى ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى گۇۋاھلىققا چېتىلىدىغان، دەۋاغا كىرمەيدىغان قانۇنىي ئىشلارغا دۆلەتكە ۋاكالىتەن قانۇن بويىچە گۇۋاھلىق ئىسپاتى بېرىپ، ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن چەت، يىراق يېزا - قىشلاق، تاغلىق رايونلاردىكى گۇۋاھلىققا چېتىلىدىغان، دەۋاغا كىرمەيدىغان قانۇنىي ئىشلارغا گۇۋاھلىق ئاپپاراتى خادىملىرىنىڭ شۇ جايغا بېرىپ گۇۋاھلىق ئىسپاتى بېجىرىشتە ئادەم، مالىيە، قاتناش جەھەتتىكى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ھەم شۇ رايوندىكى گۇۋاھلىق بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ گۇۋاھلىق ئاپپاراتىغا كېلىپ گۇۋاھلىق ئىسپاتى بېجىرتىشكە قولايسىز بولغانلىقتىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارغا قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن 1992 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى [1992] 100 - نومۇرلۇق «ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنىڭ چەكلىك خىزمەت ئورنىنى كېڭەيتىپ ئىسپات بېرىش خىزمىتىنى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھى بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى گۇۋاھلىق ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ گۇۋاھلىق ئىسپات بېجىرىشتىكى ئىلگىرىكى «ئىش تەقسىم قىلىش» خىزمەت پرىنسىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرغاندىن باشقا، يەنە ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى ھەقدارلىقى ئېنىق، نىشاندىكى نەرسىنىڭ قىممىتى كىچىك، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئادا قىلىپ كېتەلەيدىغان كېلىشىم ۋە توختاملارغا ئىسپات بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ چەكلىك خىزمەت ئورنىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقان - چارۋىچىلارغا ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەندى. ھەر ئىككىلا ئورۇن ئىسپات بېرىش كەسپىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئىسپاتنىڭ كۈچىنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى بىلەن پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ئىككى خىل ئىسپاتنىڭ كۈچىنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەر ئىككى ئىسپات ئىسپاتلىغان ئىسپات كۈچىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى ئوخشاش.

گۇۋاھلىق ئاپپاراتى بىلەن ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورنى جەمئىيەتكە ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى قىلىپ، ئىسپاتلىماقچى بولغان نىشاندىكى پاكىتنىڭ راستلىقى، قانۇنىيلىقى، چىنلىقىنى قانۇن بويىچە ئىسپاتلاپ، پاكىتنىڭ ئىسپاتلاش كۈچىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە.

2) بۇ ئىككى خىل ئىسپاتنى بەرگەن ھەر ئىككى ئورۇننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئوخشاش ھەم ئىسپاتنىڭ كۈچىمۇ ئوخشاش.

گۇۋاھلىق ئورنى بىلەن ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورنى مەمۇرىي ئورگان ئەمەس، بەلكى ئىسپاتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مەخسۇس فۇنكسىيىلىك كەسپىي ئورگانلاردۇر. ھەر ئىككىلا ئورۇن مەمۇرىي جەھەتتىن دۆلەتنىڭ تەشكىللەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەستىن، جەمئىيەتكە قانۇن مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلاردۇر. ھەر ئىككىلا ئورۇننىڭ بېجىرگەن ئىسپاتىنىڭ كۈچى مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي قارارىنىڭ كۈچى بولماستىن، بەلكى نىشاندىكى پاكىتنىڭ راستلىقىنى، قانۇنىيلىقىنى، چىنلىقىنى ئىسپاتلاش كۈچىدۇر. ھەر ئىككىلا ئورۇننىڭ بەرگەن ئىسپاتىنىڭ كۈچى ھەق تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسىنىڭ كۈچى بولماستىن، بەلكى ئىلتىماس قىلغۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشى ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ئىسپاتلاش كۈچىدۇر.

3) ھەر ئىككىلا ئورۇننىڭ بەرگەن ئىسپاتىنىڭ ئىسپاتلاش كۈچىنىڭ مەقسىدى ئوخشاش.

بۇ ئىككى خىل ئىسپات ئىسپاتلىماقچى بولغان نىشاندىكى پاكىتنىڭ راستلىقى، قانۇنىيلىقى، چىنلىقىنى قانۇن بويىچە ئىسپاتلاپ، ئىسپاتلاش كۈچى ئارقىلىق ماجىرا يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، دەۋانى ئازايتىشنى، جەمئىيەتنى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئالاقىدار كىشىلەرنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ قانۇن بويىچە قوغدىلىشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

4) بۇ ئىككى خىل ئىسپاتنى بەرگەن ئىككىلا ئورۇننى كەسپىي جەھەتتە باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگان ئوخشاش. ھەر ئىككىلا ئورۇن ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى فۇنكسىيىلىك كەسپىي تارماقلىرى بولۇپ ھەر ئىككىلىسى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەر ئىككىلا ئورۇن كەسپىي ھەم مەمۇرىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، ھەم بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدۇ.

بۇ ئىككى خىل ئىسپاتنىڭ كۈچىنىڭ ئوخشىماسلىق پەرقى تۆۋەندىكىدەك:

1) ئىسپاتلاش كۈچى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

گۇۋاھلىق ئاپپاراتى بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ كۈچى مۇئەييەن ۋاقىتتىكى، مۇئەييەن دائىرىدىكى، مۇئەييەن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە چەكلەش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

گۇۋاھلىق ئىسپاتى بېرىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىي ئاقىۋىتى «گۇۋاھلىقنامە» دە ئىپادىلىنىدۇ. گۇۋاھلىقنامە گۇۋاھلىق ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن قانۇن كۈچى بولۇپ، بۇ خىل كۈچ پۈتۈن جەمئىيەتنى چەكلەش كۈچىگە قارىتىلغان. گۇۋاھلىقنامە باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلار چىقىرىپ بەرگەن ئىسپات ـ ھۆججەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە پەرقلىق كۈچلۈك ئىسپاتلاش كۈچىگە ئىگە. گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك كۈچى بولىدۇ.

(1) دەلىل ـ ئىسپات كۈچى؛ (2) مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش كۈچى؛ (3) قانۇنىي ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇھىم ھۆججەتنىڭ كۈچى.

ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغا بەرگەن ئىسپاتىنىڭ كۈچى گۇۋاھلىق ئاپپاراتى بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ كۈچىدەك كۈچلۈك ئەمەس، چەكلەش دائىرىسى كىچىك، ۋاقتى قىسقا، مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرى ئاز بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىسپاتىنىڭ كۈچىدە پەقەت دەلىل ـ ئىسپات كۈچىلا بولۇپ گۇۋاھلىقنامىنىڭكىدەك كۆپ تەرەپلىك ئۇنىۋېرسال ئىسپاتلاش كۈچى بولمايدۇ.

2) ئىسپات بەرگۈچى سۇبيېكتى جەھەتتىكى پەرق.

گۇۋاھلىق ئىسپاتى بەرگۈچى سۇبيېكت دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئېلىنغان گۇۋاھلىق سالاھىيىتى ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ، مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن گۇۋاھلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىنغان قانۇن ۋە گۇۋاھلىق كەسپىدە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن كىشىلەر، ئۇلار دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملىرى بويىچە گۇۋاھلىق ئىسپاتىنى يۈرگۈزىدىغان قانۇن خىزمەتچىلىرىدۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ كۈچى سىستېمىلىق، كەسپچانلىقى ۋە قانۇن جاۋابكارلىقى كۈچلۈك، جەمئىيەتنى قايىل قىلارلىق ئىقتىدارغا ئىگە چەكلەش كۈچى بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىكى ئىسپات بەرگۈچى خادىملار ئۆز رايون تەۋەسىدىكى خەلق مۇرەسسە ۋە قانۇن تەشۋىقات خىزمىتىنى ئاساس، ئىسپات بېرىش كەسپىي خىزمىتىنى قوشۇمچە قىلىپ ئىشلەيدىغان قانۇن خىزمەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلار گۇۋاھلىق ئورۇنلىرىدىكى گۇۋاھچى خادىملاردەك ئىسپات بېرىش كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنمىگەن قانۇن خىزمەتچىلىرىدۇر. شۇڭا، ئاساسىي قاتلام قانۇن خىزمەتچىلىرىنىڭ بەرگەن ئىسپاتىنىڭ كۈچى گۇۋاھلىق ئاپپاراتىدىكى گۇۋاھچى خادىملار بەرگەن ئىسپاتنىڭ كۈچىدەك كۈچلۈك بولمايلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنى قايىل قىلىش ئىقتىدارى ۋە چەكلەش كۈچى تۆۋەن بولىدۇ.

3) ئىككى خىل ئىسپات بېرىش كۈچىنىڭ ئېتىراپ قىلىش دائىرىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 59 ـ ماددىسىدا: خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش پائالىيىتىدە گۇۋاھلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ گۇۋاھلىق ئىسپاتىدىن ئۆتكەن قانۇنىي پاكىت ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ كۈچىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلغان. گۇۋاھلىق ئاپپاراتىدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش پائالىيىتىدە نىشاندىكى پاكىتنىڭ

راستلىقى ، قانۇنىيلىقى ، چىنلىقىنى قانۇندا بەلگە-
لەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن-
دىن كېيىن گۇۋاھلىق ئىسپاتى بېرىدىغان بولغاچقا
گۇۋاھلىق ئاپپاراتىنىڭ گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ كۈچى
سوت پائالىيىتىدە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دە-
لىل ـ ئىسپات قاتارىدا ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.
بۇ خىل ئىسپاتلاشنىڭ كۈچىنى يەنە جەمئىيەتتىكى
ئىدارە، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بىر خىل قانۇ-
نىي پاكىتنىڭ باشلىنىش، ئۆزگىرىش، ئاخىرلىش-
تۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىش توغرىسىدا دۆلەت مەخسۇس
بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان. گۇۋاھلىق ئىسپاتىنىڭ
ئىسپاتلاش كۈچى يەنە دۆلەت ئىچى بىلەن چەكلىنىپ
قالماستىن، بەلكى خەلقئارا ئەدلىيىلىك ھەمكارلىق
ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق
ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئۇ ماكان جەھەتتە پۈتۈن
دۇنيا دائىرىسىگە سوزۇلغان.

ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى-
نىڭ ئىسپاتىنىڭ كۈچى شەخسلەر ئۆزئارا بەرگەن قو-
لۇم ـ قوشنا ، مەھەللە جامائەتنىڭ بەرگەن «گۇۋاھلى-
قى» دىن كۈچلۈك بولغان ئادەتتىكى تەكشۈرۈپ ئىس-
پاتلاش خاراكتېرىنى ئالغان ئىسپاتنامە بولغاچقا ،
شەخسلەر ئۆزئارا بەرگەن ئامىنۇى گۇۋاھلىق ئىسپاتى-
دىن كۈچلۈك دەپ قارىلىپ ، خەلق سوت مەھكىمىسى-
نىڭ سوت پائالىيىتىدە دەلىل ـ ئىسپات قاتارىدا پايدى-
لىنىشىمۇ مۇمكىن ، پايدىلانماسلىقىمۇ مۇمكىن. لې-
كىن بۇ خىل ئىسپاتلاشنىڭ كۈچىنى ئېتىراپ قىلىش
توغرىسىدا دۆلەت ھېچقانداق بەلگىلىمە چىقارمىغان. بۇ
خىل ئىسپاتلاشنىڭ كۈچىنى يەنە ئاساسىي قاتلام قانۇن
مۇلازىمەت ئورنى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىدارە، ئورگان ،
ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پۇقرالارنىڭ بۇ خىل قانۇنىي
ھەرىكەتنى باشلاش، ئۆزگەرتىش، ئاخىرلاشتۇرۇشتا
دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ پايدىلىنىش قىلىدۇ ھەم قانۇ-
نىي پاكىتنى ئىسپاتلاشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.

4) بۇ ئىككى خىل ئىسپاتنىڭ ئىسپاتلاش
كۈچىنىڭ دائىرىسى جەھەتتىكى پەرق. گۇۋاھلىق ئاپ-
پاراتىنىڭ ئىسپاتىنىڭ كۈچى توغرىسىدا دۆلەتنىڭ مۇ-
ناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مى-
نىستىرلىك ـ كومىتېتلىرى چىقارغان بەلگىلىمى-
لەرگە ئاساسەن ، گۇۋاھلىق ئاپپاراتى قانۇنىي ئىشلار ۋە
قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەت ، پاكىتلارنىڭ دە-
لىل ـ ئىسپاتلىق كۈچى، مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش
كۈچى، قانۇنىي ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە مۇھىم
ھۆججەتنىڭ كۈچىنىڭ راستلىقى، قانۇنىيلىقى ۋە
چىنلىقىنى ئىسپاتلاشقا دائىر 100 دىن ئارتۇق تۈرلەر
بويىچە ئىسپاتلاش كۈچى بولۇپ ، جەمئىيەتتىكى ھەر
قايسى ساھە، ھەر قايسى قاتلاملارغىچە سىڭدۈرۈلگەن.
جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق ئورگان ، ھەر قانداق تەش-
كىلات ، ھەر قانداق پۇقرا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى گۇ-
ۋاھلىق ئاپپاراتىنىڭ ئىسپاتلاش كۈچىدىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇپ تۇرۇشىدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا گۇۋاھلىق
ئاپپاراتىنىڭ ئىسپاتلاش كۈچى ماكان جەھەتتە پۈتۈن
جەمئىيەت بىلەن بىردەكلىكتە تۇرۇپ ، جەمئىيەتنى
يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەلا سۈپەتلىك قانۇن مۇلازىمىتى بى-
لەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى-
نىڭ ئىسپاتىنىڭ كۈچى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ
[1992] 100 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە ،
ھەقدارلىقى ئېنىق، نىشاندىكى نەرسىنىڭ قىممىتى
تۆۋەن، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئادا قىلىپ كېتەلەيدىغان
توختام ، كېلىشىملەرگە ئىسپات بېرىش پائالىيىتىدە
كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئىسپات بېرىش پائالىيىتى پەقەت
ئۆز رايون تەۋەسىدىكى ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق بولغان
يېزىلاردىكى ھەر خىل كەسپىي ھۆددىگەرلىك توختامى،
يېزا ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى مۇلازىمەت تەشكىلاتى
بىلەن دېھقانلار ئىمزالىغان، دېھقانلار بىلەن دېھقانلار
ئىمزالىغان ھەر خىل توختام، كېلىشىم، ئادىي ھەق
تەلەپ ۋە ئىقتىسادىي توختام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇلازى-
مەت تۈرلىرىنى ئىسپاتلاش كۈچىدە كۆرۈلىدۇ. يەنە بۇ
خىل ئىسپاتنىڭ كۈچى، ئادا قىلىش مۆھلىتى ئۈچ
يىلدىن تۆۋەن، نىشاندىكى نەرسىنىڭ قىممىتى 50
مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان توختام، كېلىشىم بىلەنلا
چەكلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك گۇۋاھلىق ئاپپاراتى بىلەن
ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى يۇقىرى دە-
رىجىلىك كەسپىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئوقۇتۇرۇ-
شىنىڭ روھى بويىچە قانۇن مۇلازىمەت خىزمىتىدە بىر
تاختا شاھمات چۈشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ ، ئۆزئارا ماس-
لىشىپ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى
بىر ـ بىرىگە ئۆگىتىپ، كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىپ،
جەمئىيەتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ، ئەلا سۈپەتلىك قانۇن
مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

(ئاپتور : قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسى
گۇۋاھلىق باشقۇرۇش بۆلۈمىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى
تېلېفون : 61208 ـ 4828065

# تۇختامنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ پەرقى توغرىسىدا

ئاسىم قاسىم

سوت ئەمەلىيىتىدە، توختام ماجىرالىرىدىن كېلىپ چىققان بەزى ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە، توختامنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن، قانۇن بويىچە شەكىللەنمىگەن خېلى كۆپ ساندىكى توختاملار ئىناۋەتسىز توختام دەپ قارىلىپ، توختامنىڭ قانۇن بويىچە شەكىللەنمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان جاۋابكارلىق ئىناۋەتسىز توختامنىڭ جاۋابكارلىقى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىلىپ، ئىناۋەتسىز توختامنىڭ دائىرىسى سۈنئىي ھالدا كېڭەيتىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ ئىچىدىكى ئالدانغان ياكى ئۆز ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بىر تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىدى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» دا توختامنىڭ بىر قاتار ماھىيەتلىك ئۇقۇملىرى مۇپەسسەل شەرھلىنىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، پەرقلىرى تۈرلەر بويىچە ئېنىق ئايرىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن «ئىناۋەتسىز توختام» نىڭ مۇھىم شەرتلىرىگە قاتتىق تەلەپ بويىچە چەك قويۇلۇپ، ئىناۋەتسىز توختامنىڭ دائىرىسى تارايتىلدى ھەمدە ئىناۋەتسىز توختامنىڭ ئۇقۇمى تېخىمۇ روشەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلدى. توختامنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ ئېلىش سوت ئەمەلىيىتىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

توختام توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ بىر تۈرلۈك ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپنىڭ تەكلىپ بېرىشى، يەنە بىر تەرەپنىڭ قوشۇلۇپ ماقۇل بولۇشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، توختام دېگىنىمىز باراۋەر سۇبيېكت بولغان تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھەمدە مۇئەييەن ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان ۋە ئاخىرلاشتۇرالايدىغان كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ. توختام مۇئەييەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەر توختامنىڭ سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە بۇ سۇبيېكت توختامدىن بارلىققا كەلگەن ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتىدە باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ، مۇئەييەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بەلكى ئۇ توختامدىن بارلىققا كەلگەن ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋىتىدە ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشتەك ئاقىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان قانۇنىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا، توختامنىڭ شەكىللىنىشى دېگەن نېمە؟ توختامنىڭ شەكىللىنىشى دېگىنىمىز، توختام تۈزۈشكۈچى ئىككى تەرەپ توختامنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى ياكى ماددىلىرى ئۈستىدە، يەنى توختامدا ئادا قىلىش شەرت قىلىنغان نىشان، باھا، سۈپەت، مۆھلەت ۋە ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن ھەم ئادا قىلىش شەرت بولغان باشقا مەزمۇنلار ئۈستىدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىشتىن بارلىققا كەلگەن ئېغىزچە، يېزىقچە ياكى باشقا شەكىلدىكى كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ توختامنىڭ شەكىللىنىشى ياكى ۋۇجۇدقا كېلىشى دېيىلىدۇ. توختام شەكىللىنىشىنىڭ ماھىيەتلىك بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، توختامدا توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ پىكىر ئىپادىسى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بىرلىككە كېلىپ، بىردەكلىككە ئىگە بولغان

بولىدۇ.

ئۇنداقتا، توختام شەكىللەنگەن هامان كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟ بۇ بىر نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەمەلىي مەسىلە هېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىگە توغرا هەم ئېنىق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يەنە توختام ئۈستىدە تەهلىل يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە توختام ماهىيەت جەهەتتىن ئالغاندا ئۇ قانۇن ئەمەس، بەلكى ئۇ توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا هاسىل قىلىنغان پىكىر بىرلىكىدىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا، توختامنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە قانۇني كۈچ هاسىل قىلالمايدۇ. توختامنىڭ قانۇني كۈچى دېگىنىمىز، شەكىللىنىپ بولغان توختامنىڭ توختام تۈزۈشكۈچى تەرەپلەرگە قارىتا قانۇن جەهەتتە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان توختامنىڭ قانۇني كۈچى — توختامنىڭ خۇددى قانۇنغا ئوخشاش جاكارلانغان هامان ئومۇميۈزلۈك قانۇني كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇ پەقەت توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەرگىلا چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشكە قارىتىلغان. كۈچكە ئىگە بولغان توختام ئىككى خىل ئىرادىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەسىلە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى، توختامنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ پەقەت توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەرنىڭلا ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا توختامنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ئۈستىدە بىردەك پىكىر هاسىل قىلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىختىيارلىق پرىنسىپى گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇ توختامنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. يەنە بىرى، توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، توختامنىڭ شەكىللىنىشى دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ توختام مۇناسىۋەتلىرىگە ئارىلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مانا بۇلاردىن بىز توختامنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىق بولغان، ئەمما خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇۋالايمىز. شۇڭا بۇ ئۇقۇمدىن بىز توختامنىڭ شەكىللىنىشى پاكىت مەسىلىسى، توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى قانۇن مەسىلىسى دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. پاكىت مەسىلىسى سوت پائالىيىتى ۋە هەق تەلەپ دەلىل ـ ئىسپات قائىدىلىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرۇلسا، قانۇن مەسىلىسى قانۇننى تەتبىقلاش يولى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1. توختامنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى باسقۇچتا، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تۈزۈم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. گەرچە بۇ ئىككىسى ئۇقۇم جەهەتتە زىچ باغلىنىشلىقتا ئىگە بولۇپ، بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئانچە ئاسان بولمىسىمۇ، ئەمما بۇلارنى مەنتىقە جەهەتتىن تەهلىل قىلغاندا ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى باسقۇچقا تەۋە بولغاچقا، توختامنىڭ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىغا هۆكۈم قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى هېسابلىنىدۇ. توختام شەكىللەنگەندە ئاندىن ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مەسىلىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ، توختام شەكىللەنمىسە ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

2. ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش شەرتلىرى ئوخشىمايدۇ. توختامنىڭ تۈزۈلۈشى توختام شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى، توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى توختامنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت. توختامنىڭ تۈزۈلۈشى توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توختامنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرى ئۈستىدە بىردەك پىكىر هاسىل قىلىشتىن، يەنى توختامنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق شەرتلەرنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا توختامنى شەكىللەندۈرىدىغان شەرت ئادەتتە ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ.

توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتى توختامنىڭ قانۇني كۈچكە ئىگە بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا هۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى هېسابلىنىدۇ.

ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 55 ـ ماددى-
سىدا ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتى ھازىرلاشقا تېگىشى-
لىك بولغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك شەرت بەلگىلەنگەن.
يەنى (1) ھەرىكەت قىلغۇچى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا مۇ-
ناسىپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى ؛ (2) مەق-
سىتىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن بولۇشى ؛ (3) قانۇنغا
ياكى جامائەت مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى لا-
زىم. مانا بۇ شەرتلەر توختامنىڭ قانۇني كۈچكە ئىگە
بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ شەرت
ماھىيەتلىك شەرت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە
بەزى توختاملاردا توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئالا-
ھىدە شەرتلەرنىڭ ھازىرلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ
خىل شەرت شەكىللىك شەرت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل
توختام ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. بىرى، تەرەپلەر توختام قانۇنىنىڭ 45 ـ
46 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۈزگەن
توختاملاردا قوشۇمچە قىلىنغان شەرتلەر ئەمەلگە ئاشقاندا
ياكى قوشۇمچە قىلىنغان مۆھلەت توشقاندا ئاندىن توخ-
تام كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىرى، توختام قانۇنىنىڭ
44 ـ ماددا 2 ـ تارماقتىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن،
قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا تەستىقلىتىش، تىزىمغا
ئالدۇرۇش قاتارلىق رەسمىيەتلەر بېجىرىلگەندىن كېيىن
كۈچكە ئىگە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنلىرى تەستىقلى-
تىش، تىزىمغا ئالدۇرۇش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى بې-
جىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

3. ئۇلاردىن كېلىپ چىققان قانۇني ئاقىۋەت
ئوخشىمايدۇ. توختامنىڭ شەكىللىنىشى پەقەت توختام
تۈزۈشكەن تەرەپلەرنىڭلا ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
ئەگەر بۇ خىل ئىرادە دۆلەت ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كەلسە
ئۇ ھالدا ئۇ ئاندىن قانۇنىنىڭ چەكلەش كۈچىگە ئىگە بو-



لىدۇ. ئەگەر ئۇ دۆلەت ئىرادىسىگە
ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇ تە-
رەپلەر ئوتتۇرىسىدا قانۇنىنىڭ چەك-
لەش كۈچىگە ئىگە بولالمايلا قال-
ماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئىناۋەتسىز
توختامنىڭ قانۇني جاۋابكارلىقىنى
ئۈستىگە ئېلىشتەك ئاقىۋەتنى كەل-
تۈرۈپ چىقىرىدۇ.

توختامنىڭ شەكىللەنمەسلىكى بىلەن ئىنا-
ۋەتسىز بولۇشى — خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان
ئىككى مەسىلە. توختامنىڭ شەكىللەنمەسلىكى توختام
مەزمۇنلىرىنىڭ قانۇنىنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى
بەلگىلىمىلىرى بىلەن جەمئىيەت، جامائەت مەنپەئى-
تىگە خىلاپ بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى توختام تۈ-
زۈشكەن تەرەپلەر توختامنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى
ئۈستىدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلالمىغانلىقتىن كې-
لىپ چىقىدۇ. شۇڭا شەكىللەنمىگەن توختاملارنى
يەكۈنلىك قىلىپ ئىناۋەتسىز توختام دەپ قاراشقا
بولمايدۇ. شەكىللەنمىگەن توختاملاردا سەۋەنلىك ئۆت-
كۈزگەن بىر تەرەپ يوقۇتۇشقا ئاساسەن سەۋەنلىك مەسئۇ-
لىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئىقتى-
سادىي زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر توختام-
دىكى مەجبۇرىيەتلەرنى قىسمەن ياكى تولۇق ئادا قىلغان
بولسا، ئادا قىلىش نىشان قىلىنغان ماددىي نەرسىنى
بىر ـ بىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. شەكىللەنمىگەن
توختامدىن قانۇني جاۋابكارلىق ئەمەس، بەلكى ھەق
تەلەپ جاۋابكارلىقى كېلىپ چىقىدۇ. ئىناۋەتسىز توخ-
تام بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئىناۋەتسىز توختام
خاراكتېر جەھەتتىن ئالغاندا دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش خا-
راكتېرىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغاچقا،
ئۇنىڭدىن ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى كېلىپ چىقىپلا
قالماستىن، بەلكى مەمۇرىي ۋە جىنايى ئىشلار جەھەت-
تىكى قانۇني جاۋابكارلىقمۇ كېلىپ چىقىشى مۇم-
كىن. شۇڭا، توختامنىڭ شەكىللىنىش شەرتلىرى
بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتلىرىنى پۇختا ئىگى-
لەپ، بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت
بەرگەندىلا ئاندىن توختام ماجىرالىرىنى ئادىل بىر تەرەپ
قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇن-
لۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ،
ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئەلا بولغان قانۇني مۇلازىمەت
بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# ئالقىشلانغان خەلق چاكىرى
# يېتىملارنىڭ غەمگۈزارى

رازىيە ئېزىز ئوبۇلقاسىم مەتنىياز

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، لوپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى غەيرەت ئىمىننىڭ ئۈرۈمچىدىن ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ لوپ ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزىدىكى بېقىۋالغان قىزى تاجىنىسانىڭ تويىنى قىلىپ، بۇ يېتىم قىزنىڭ بەختىنى ئېچىلدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە جايلارغا تارقىلىپ، بۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، پارتىيىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىشلار سەۋەبچى بولغان:

يولداش غەيرەت ئىمىن 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ۋەزىپە بىلەن لوپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ كەلگەندى. ئۇ رەھبەرلىك خىزمىتىگە كىرىشكەندىن كېيىن، ھەر ۋاقىت ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ياخشى ئورۇنداش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشتى.

ئۇ ناھىيىلىك پارتكومدىكى رەھبەرلەر بىلەن ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدا ئەتراپلىق ئىزدەندى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئامما بىلەن تېزلا ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئۇلارنىڭ دەردى ـ ھالىغا يەتتى. ئۇ چەت، يىراق، نامرات يېزىلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، تېزرەك بېيىتىش يولىدا ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ، بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلەپ، ئەمەلىي تۆھپە يارىتىپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىردا بولۇشقا تېگىشلىك



ئېسىل پەزىلىتىنى ئىپادىلىدى.

بۇ ناھىيىنىڭ باشتوغراق يېزىسى ناھىيە مەركىزىدىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى چەت ياقا، نامرات بىر جاي ئىدى. ئىنسانىيەت ئېلېكترون، ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان 90 ـ يىللاردىمۇ يەنىلا بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ جىن چىراغدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. توك بولمىغانلىقتىن بۇ يېزا خەلقىنىڭ نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقىنىدىن ئۇ قاتتىق ئېچىنىپ، بىر قانچە كۈنگىچە ئۇنىڭ كېلىدىن تۇزۇكرەك تاماقمۇ ئۆتمىدى، كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، بۇ يېزىنى ئۆزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسى قىلىش قارارىغا كەلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى قىزغىن قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىپ دوكلات يېزىپ، بۇ يېزىدا ئېلېكترلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ، ئاللاقىدار تارماقلارنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە ئورۇنلاشتۇردى. يولداش غەيرەت ئىمىن ئۈرۈمچى، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىدارە، ئورگانلار ۋە بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا باشتوغراق خەلقىنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، زور بىر قىسىم ئىئانە توپلىدى. شياڭگاڭ يىدا شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياڭ مىندې خانىم غەيرەت ئىمىننىڭ يازغان خېتىدىن تەسىرلىنىپ بىر قېتىمدىلا 500 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشنى تەستىقلىدى. گۇاڭجۇ شەھەر باشلىقى لى زىلىيۇ غەيرەتنىڭ يازغان خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، شەھەر بويىچە ھەرىكەتكە كېلىپ 1 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن غەيرەت ئىمىن باشتوغراق يېزىسىدا ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاللاقىدار تارماقلارنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى، جەمئىيەتتىكى يىراق ـ يېقىندىكى كۆرەر، ئالىيجاناپ كارخانىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىشى بىلەن، باشتوغراق خەلقى 35 يىلدىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئاخىرى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇردى. 1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن باشتوغراق خەلقى جىن چىراغتىن قۇتۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم يورۇقلۇققا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمى تېزلەشتى.

1996 ـ يىلى بۇ ناھىيىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىردىن نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغاندا، يولداش غەيرەت ئىمىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىدىكى 86 نەپەر يېتىم بالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھۆددىگە ئالدى ھەمدە بۇ يەردە بېقىلىۋاتقان تاجىنىسا، ئىمىنجان ئىسىملىك ئاچا ـ ئۇكا قارا يېتىمنى بالىچىلاپ بېقىۋېلىپ، ئۇلارغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىپ، ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. تاجىنىسانى ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىگە رەسمىي خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

يولداش غەيرەت ئىمىن لوپ ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىدىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا ھەقىقىي تۇردە يىللىقلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەمىشە ئۇلارنىڭ غېمىنى يېدى. ئۇ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم كارخانىچىلارغا يېتىم باللارنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، 300 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئۇنى لوپ ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ ئۈچ قەۋەت، 1800 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش بىناسىنى سېلىش ئىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە بۇ پاراۋانلىق مەركىزىگە ئىككى ماشىنا ھەل قىلىپ بەردى. ئۆز يېنىدىن 400 يۈەن چىقىرىپ شېكەر سېتىۋېلىپ، باللارنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى.

1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا غەيرەت ئىمىن بۇ ناھىيىدىكى خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئورۇمچىدىكى ئەسلى خىزمەت ئورنىغا قايتتى. ئۇ گەرچە بۇ ناھىيىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى، پۈتۈن ئەس ـ يادى يەنىلا بۇ ناھىيىدىكى ئاجىز، مېيىپ يېتىم ـ يېسىرلار، نامرات خەلقتە بولدى. ئۇ نامرات زېمىندىكى جاپاكەش خەلقتىن كۆڭۈل رىشتىنى زادىلا ئۈزمىدى. ئۇ ھەر يىلى ھېيت، بايراملاردا لوپ ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزى ھەم باشتوغراق يېزىسىغا خەت ـ چەك، ھال سوراش بۇيۇملىرى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

غەيرەت ئىمىن ئورۇمچىدىكى «خۇالىڭ گۇرۇھى» نىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، 780 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ ھەل قىلىپ، 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا باشتوغراق يېزىسىغا 12 سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپنى سالدۇرۇپ بەردى.

1999 ـ يىل ئىچىدە ئۇ يەنە ئورۇمچى «گۈزەل ھايات» رېستورانىنىڭ باش دىرېكتورى، ئايال كارخانىچى زەكىيە خانىم، شياڭگاڭ خەلقئارا مەبلەغ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شۇ جىژمىن ئەپەندى، شىنجاڭ «جىنژخاۋ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى تيەنۋېيگو ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا لوپ ناھىيىلىك باللار پاراۋانلىق مەركىزىدىكى باللارنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى ئېيتىش ئارقىلىق، 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 100 يوتقان ـ كۆرپە ـ ياستۇق، 100 قۇر چاپان، 50 كىشىلىك قىشلىق ئاياغ ۋە ئىشتان، 1600 قۇر ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە توپلاپ، لوپ ناھىيىلىك باللار پاراۋانلىق مەركىزىگە ئەۋەتىپ بېرىپ، بۇ جايدىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ سوغۇق قەلبىنى يىلىتتى.

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاجىز، مېيىپلار، يېتىم ـ يېسىرلار ۋە نامرات خەلققە ئاتىغان جۇڭگو كوممۇنىست يولداش غەيرەت ئىمىن 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شۆھرەتلىك سوغۇقتىن قورقماي، ئايالى شەمشىنۇر خانىم ۋە ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدا خىزمەت قىلىدىغان ئىككى نەپەر ئايال خىزمەتدىشىنى ھەمدە قىزى تاجىنىسانىڭ تويىغا لازىملىق بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملارنى بىرگە ئېلىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئورۇمچىدىن لوپ ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى دوستلىرى ۋە بۇ ناھىيىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە، قىزىنىڭ توي تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (يەكشەنبە) غەيرەت ئىمىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى يېقىن ئاغىنىسى، لوپ ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئوسمان ئەخمەتشانىڭ ئۆيىدە قىزى تاجىنىسانىڭ تويىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، بۇ يېتىم قىزنىڭ ياشلىق ھايات گۈلىنى ئېچىلدۇردى ھەمدە ئىككى يىل ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ ئوقۇتقان ئوغلى ئىمىنجاننى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ خالىس ھالدا يېتىملارغا ئاتا بولۇپ، مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئىشى بۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىنتايىن ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. غەيرەت ئىمىن قىزى ۋە كۈيئوغلىنىڭ يېڭى ئۆيىنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن قۇتلاپ، ئۇلارنى سۆيگۈسىگە سادىق بولۇپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۆمۈرلۈك بەختىيارلاردىن بولۇشقا، كەلگۈسىگە، پارلاق ئىستىقبالغا يۈرۈش قىلىشقا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن تاجىنىسا مۇنداق دېدى: «مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ۋاقىتسىز بۇ ئالەمدىن بىزنى تاشلاپ بالدۇر كەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن قايغۇراتتىم، ئۆزۈمنىڭ ھەم ئىنىمنىڭ كەلگۈسى تەقدىر ـ ئىستىقبالىمىزدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىم. بەختىمگە يارىشا پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېسىل پەرزەنتى غەيرەت شۇجى ئىنىم بىلەن ماڭا دادا بولۇپ، بىزگە ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىدە جېنىمىز ياشىرىپ، بەختىمىز ئېچىلدى. مانا مەن ھەقىقىي ھاياتىمنىڭ قەدرىنى تاپتىم. مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن، بەزىدە بۇ مېنىڭ ئۇخلىغاندا ياكى چۈشۈمدە دەپ ئۆزۈمچە خىياللارغا چۆمۈمەن. مەن غەيرەت شۇجى دادامدەك ھەر ۋاقىت يۈرىكى ھەقىقىي تۆردە خەلق ئۈچۈن سوقۇۋاتقان ھەمدە ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايدىغان بىر ئالىيجاناپ دادىغا بالا بولغىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن، مەن چوقۇم مېھرىبان دادام غەيرەت شۇجىغا

ئوخشاش ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدىغان يارامـ
لىق ئىختىساس ئىگىسى بولۇشقا تىرىشىمەن.»

يولداش غەيرەت ئىمىن يەنە 11 ـ ئاينىڭ
22 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي،
ئايالى شەمشىنۇر خانىم ۋە ئۇنىڭ ئىككى دوستىنى
باشلاپ، ناھىيە مەركىزىدىن 36 كىلومېتىر يول يۈـ
رۈپ، باشتوغراق يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ يېزىـ
دىكى ئامان ئاخۇن، قۇربانىنياز ئاخۇن، ناسىر ئاخۇن
قاتارلىق ئاجىز، مېيىپ، نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ، ماددىي بۇيۇم تەقدىم قىلىپ،
ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى. پېشقەدەم دېھقان نا-
سىر ئاخۇن غەيرەت ئىمىننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ
تۇرۇپ: «ئوغلۇم، بۇنداق سوغۇقتا سىلىنىڭ بىزنى
يوقلاپ كېلىشلىرىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمىز، ھىمـ
مەتلىرىگە ھەشقاللا!» دەپ ھۆر ـ ھۆر يىغلىدى. غەيـ
رەت ئىمىن يېزا مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ
ياشانغان، نامرات بوۋايلارنى يېزىلىق ساناتورىيىگە ئا-
پىرىپ بېقىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىـ
لىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق بۇ
يېزىنى ئۆزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسى
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا يېزا مەسئۇللىرى
بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. غەيرەت ئىمىن شۇ
كۈنى يەنە ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىلگىرى
ئۆزى بۇ ناھىيىدە ۋەزىپە بىلەن خىزمەت ئىشلىگەندە،
ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ياخشى ئوقۇشقا
ئىلھاملاندۇرغان بۇ يېزىدىكى مەتتىمىن، ياسىن،
بۇۋزەينەپ قاتارلىق نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بې-
رىپ، ئۇلارنى يوقلىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش ھەم تۇرمۇش
ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا
بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلۇپ بېيىشتا ئاممىغا باشلامچى بولۇشقا رىغبەتلەن-
دۈردى. ئاخىرىدا يولداش غەيرەت ئىمىن يەنە ھەمراھـ
لىرىنى باشلاپ بۇ يېزىنىڭ ئىسسىقدۆڭ كەنتىگە يې-
تىپ كېلىپ (بۇ كەنتكە پۈتۈنلەي خەنزۇ دېھقانلار توپ-
لىشىپ ئولتۇراقلاشقان) ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قەدىناس
دوستى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سەيـ
ۋىيىگىنى يوقلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ھال سوراش بۇيۇمـ
لىرى تەقدىم قىلىپ، دوستلۇق كۆۋرۈكىنى تې-
خىمۇ مۇستەھكەملىدى. غەيرەت ئىمىننىڭ ئالىيتەن
ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن سەيۋىـ
يىڭ ۋە باشقا كەنت كادىرلىرى غەيرەت ئىمىنغا تە-
شەككۇر ئىزھار قىلدى. شۇ كۈنى بۇ يېزىدىكى ھەر
مىللەت كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم دېھقانلار غەيرەت ئى-
مىندىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن
خوشلاشتى.

يولداش غەيرەت ئىمىننىڭ خالىس ھالدا ئا-
جىز، مېيىپ، يېتىم ـ يېسىرلار ۋە نامراتلارغا ياردەم بېرىپ
كېلىۋاتقانلىق يەتكۈزۈشتەك ئالىيجاناپ روھى بۇ ناھىيىدىكى
ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا
ئىنتايىن كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر قوزغىدى. بۇ ئىش-
تىن سۆيۈنگەن بەزى ئامما كۆز يېشى قىلىشتى. لوپ
ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
سابىق مۇدىرى ئابدۇۋايىت ھوشۇر، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن
ھاكىمى قادىر مۇھەممەت، ئاممىۋى ساۋۇت ئاخۇن
قاتارلىقلار مەمنۇنىيەت بىلەن: «غەيرەت شۇجى ھەقىـ
قەتەن پارتىيە، خەلقنىڭ ياخشى كادىرى بولۇشقا مۇنا-
سىپ، بىز ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشقا بالا بېقىۋاپتۇ،
دېگەننى ئاڭلىغان، لېكىن غەيرەت شۇجىدەك ئىككى
يېتىم بالىنى بېقىپ، ئوقۇتۇپ، خىزمەتكە چىقىرىپ
، يەنە كېلىپ چىقىمىنى تولۇق كۆتۈرۈپ تويىنى قى-
لىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويغاننى كۆرمىگەن ھەم
ئاڭلىمىغان. نۆۋەتتە ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش، تەر-
بىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئۇنىڭ
بېقىۋالغان يېتىم قىزىنىڭ تويىنى قىلىش ئۈچۈن
شۇنچە يىراقتىن كېلىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىشتەك چاكارلىق روھى قەدىرلەشكە
ئەرزىيدۇ. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى
ئارقىلىق، ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى
ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۈلگە كۆرسەتتى. دەۋرىمىز
غەيرەت شۇجىدەك ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەيدى-
غان، مۇشۇنداق ئىراسلىك، قەيسەر رەھبىرىي كادىر-
لارغا مۇھتاج. بىز غەيرەت شۇجىدىن ئۆگىنىپ، جەم-
ئىيەتتە توغرا كەيپىياتنى راسا ئەۋج ئالدۇرۇشقا تىرى-
شىمىز. بىز غەيرەت شۇجىدەك مۇشۇنداق بارلىقىنى
پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان
مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيە،
ھۆكۈمەتكە يۈز مىڭ تەشەككۈر ئېيتىمىز!»

(ئاپتورلار «خوتەن گېزىتى» ۋە «ئۈرۈمچى
كەچلىك گېزىتى» دىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىددىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

## باي ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باي ناھىيىسىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى يۇقىرىنىڭ تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھالال ئەمگىكى، قانۇنلۇق تىجارىتىگە تايىنىپ بېيىش ھەم نامرات، ئاجىزلارغا يىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەكىللەر ئارىسىدا، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىپ ئۈلگە بولۇش، نامراتلارنى يېتەكلەش، يۇرتداشلىرىغا يىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىلىك قانات يايدۇردى، بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتناشقانلارنى ۋە ئۈلگە بولۇشنى «مۇنەۋۋەر خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى» نى باھالاشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى قىلدى، دائىمىي كومىتېت قارمىقىدىكى ھەر قايسى كومىتېتلار ۋە يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى مەخسۇس خادىملارنى ئاجرىتىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئاقىللىشىش نۇقتىسى قۇرۇپ، ئۈچۈر ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەبلەغى يېتىشمىگەن خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىگە مەبلەغ ھەل قىلىپ بەردى، ناھىيە بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ 817 نەپەر ۋەكىلىنىڭ رولىدىن ئوخشاش بولمىغان ھالدا پايدىلاندى، بېيىغانلار ئارقىدا قالغانلارنى يېتەكلىدى، جەمئىيەت ئۈچۈن خالىس ياخشى ئىش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەر مىللەت خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، ئادىل رىقابەتلىشىپ، يېزا ئىگىلىكىدە باشلامچىلاردىن بولدى، ھازىرغىچە خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى دېھقانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 140 قا، چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 56 گە، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى 37 گە، 2 ـ، 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 61 كىشىگە يېتىپ، خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ % 39 نى ئىگىلىدى، بەش يىلدىن بۇيان، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ نامراتلارغا ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە بەرگەن خالىس ياردىمى 150 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، جۈملىدىن ئابدۇرازاق ھاموت، رىھاندىم ئەمەت قاتارلىق ئون نەچچە ۋەكىلنىڭ بەرگەن ياردىمىلا 40 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

ھەسەن ئابدۇۋەلى

※ ※ ※ ※ ※

## غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سايلىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلاردىن قانۇندىن ئىمتىھان ئالدى

رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئىشلىتىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزى سايلىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلاردىن «ئاساسىي قانۇن»، «مەمۇرىي جازا قانۇنى»، «توختام قانۇنى»، «تۆلەم قانۇنى» قاتارلىق سەككىز قانۇندىن ئىمتىھان ئالدى. بۇ ئىمتىھانغا شەھەر باشلىقلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى، سوتچى ۋە تەپتىشتىن يۇقىرى كادىرلار بولۇپ 120 نەچچە كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئىمتىھان غۇلجا شەھەر تارىخىدا خەلق قورۇلتىيى سايلىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلاردىن ئالغان تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھان بولۇپ، شەھەر بويىچە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

مۇھىددىن نەسرىددىن

## شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ئورمان قانۇنى» ۋە «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى

بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى گۇرۇپپا تەشكىللەپ، «ئورمان قانۇنى» ۋە «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. ئالدى بىلەن تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدىغان خادىملار تەشكىللىنىپ، بۇ قانۇنلار ۋە نىزاملارنى ئۆگەندى.

1. «ئورمان قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى جەھەتتە: (1) ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئاچقان. تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئورمانچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان. تۇتاش ئورمان بەرپا قىلىش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق باغنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى 99% ئورۇندىغان. ئېرىم ساندىكى يېزا ـ كەنت مەسئۇللىرىنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولماسلىق، ئادەتتىكى چاقىرىق كۆپ، تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىش ئاز بولۇش؛ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ھەر يىلى سىرتتىن كۆچەت سېتىۋېلىش، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش؛ (2) يېزىلاردا بەشتە ياخشى پىلاننى يولغا قويغاندا، بەزى شەخسلەرنىڭ باغ ـ ۋارانلىرى ياكى دەرەخلىرى كېسىلىپ بۇنىڭغا تېگىشلىك تۆلەم بېرىلمىگەچكە، ئاممىنىڭ ئەرزى كۆپ بولۇش؛ (3) بەزى يېزا ـ كەنتلەر كۆچەت تىككەندە ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بەرمەي، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرمەي، كۆچەتلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئېغىر بولۇش؛ (4) ھوقۇقنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىپ كېسىش كىنىشكىسى بېجىرمەي، كوللېكتىپنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەرمۇ يۈز بەرگەن.

2. «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نى كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالى جەھەتتە:

بۇلتۇر ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نىڭ تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «يىغىن ئېچىش» ۋە 5 ـ ئىيۇن دۇنيا مۇھىت ئاسراش كۈنىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرغان. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ھاكىملار تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان. تەشۋىقات ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، ناھىيە بازىرىدا بازار كۈنىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان. تەشۋىقات ئاڭلىغان ئادەم 90 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. ناھىيىلىك مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى 95 كاندىكى پار قازان، 331 ئاشخانا، چايخانا، كاۋاپخانا، تونۇر، 16 مونجا، 25 ساتىراچخانا، 26 ياغاچچىلىق ئورنى، 18 ئۇن زاۋۇتى، بەش قورۇلۇش ئورنى، 23 ئۇن ـ سىمن ئورنى، ئۈچ ئانىسخانا، 1 ـ 2 ـ ماي زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى تەشۋىق قىلغان. مۇھىت بۇلغىنىش ئېغىر بولغان ئورۇن ۋە يەككە تىجارەتچىلەرگە مۆھلەت ئىچىدە تۈزەشنى بۇيرىغان. بۇلاردىن 56 مىڭ يۈەن بۇلغىنىش خىراجىتى يىغىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە بەلگىلىك نەتىجە يارىتىلغان، لېكىن بۇ خىزمەتتە مۇنداق مەسىلىلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان. (1) كەسپىي تېخنىك خادىملار ۋە يولغا قويۇشتى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى كەم بولغان. (2) بۇلغىنىش خىراجىتىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ئەھۋالى ئېغىر بولغان. (3) «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش قۇربى يەنىلا يېتەرلىك بولمىغان. مۇھىت ئاسراش ۋە نازارەت قىلىش تارمىقى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، خىزمەتچى خادىمى ئاساسەن بولمىغان.

كۆزدىن كەچۈرۈش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى

بۇ ئىككى قانۇننى تەشۋىق قىلىش قۇربىنى ئاشۇرۇش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئورمانچىلىق كەسپىدە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باغ، ئورمان بەلباغلىرى، كۆچەتخانىلارنى تېخىمۇ بىلىدىغان كىشىلەرگە ھۆددىگە بېرىش؛ ئورمانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئورمانچىلىق ۋە مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزەش پىلانىنى تۈزۈپ، مۆھلەت ئىچىدە تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى.

نۇردۇن سوپۇر

※ ※ ※ ※ ※

## گۇما ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى خۇلاسە قىلىنىپ، ئىلغار ۋەكىللەر تەقدىرلەندى

گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىندا ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەۋاتقان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن 17 نەپەر ئىلغار شەخس، بەش يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى، يېزىلىق پارتكومدىن ئۈچ ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ تەقدىرلەندى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن ئىلھام بېرىلدى. بەش ئىلغار ئورۇن ۋەكىللىرى تەجرىبە تونۇشتۇردى.

ئابلىمىت توختىباقى

※ ※ ※ ※ ※

## نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك خ ق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى

نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قولغا ئېلىش، ئەيىبلەش بۆلۈمى بىلەن خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، پىروكراتورلار قانۇنى، تۆلەم قانۇنى ۋە ئىقتىسادىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تۈنجى قېتىم ئاشكارا تەكشۈرۈپ باھالىدى.

تەكشۈرۈشكە ج خ، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىكى ئالاقىدار خادىملار قاتناشتۇرۇلۇپ دوكلات ئاڭلاش، دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلەش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە قارىتا ئادىل باھا بېرىلىپ، نەتىجىلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە ج خ، سوت، تەپتىش ئورۇنلىرىنىڭ بىر - بىرىنى قوللىشى، چۈشىنىشى، ئېپۇ قىلىشى يېتەرلىك بولماي، مۇناسىۋەتتە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، خىزمەتكە مەلۇم تەسىر يەتكۈزگەنلىكىدەك ئەھۋاللار كۆرسىتىپ بېرىلدى ھەمدە ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيە ئىستىل ساپاسىنى ۋە كەسپىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئادىل، پاك - دىيانەتلىك، ئىستىلى دۇرۇس تەپتىش خادىملىرى بولۇپ، دېلو بېجىرىشتە پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، يامان ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماي، ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماي، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئوبرازىنى قوغداپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ناھىيىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى تەلەپ قىلىندى.

مەتنۇرى يۈسۈپ

## باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ۋە پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈردى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ھەمدە تارقىتىش، پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى ئىزچىل ئۆستۈردى.

جۈملىدىن، 1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دائىمىي كومىتېت رەئىسلەر يىغىنى چاقىرىپ، 2000 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئىلگىرى بۇ جەھەتتە نەتىجىسى زور بولغان ئالتە ئورۇننى تەقدىرلىدى، مالىيىدە قىيىنچىلىق بولغان شارائىتتىمۇ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشنى تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە، ھەر قايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى 2 دىن 3 كىچە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى ئىككى نۇسخىدىن، ئىككى ۋەكىلدە بىر نۇسخىدىن بولۇش ئىشقا ئاشتى.

**ھەسەن ئابدۇۋەلى**

---



سۈرەتتە: ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ مەسئۇلى ئەھۋال تونۇشتۇرماقتا

سۈرەتلىك خەۋەر

### مۇئاۋىن مۇدىر سۇلايمان نىيەتقۇل ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلايمان نىيەتقۇل قىسمەن ئەزالارنى باشلاپ شەنشى، جياڭسۇ، شاڭخەي، جېجياڭ، فۇجيەن قاتارلىق بەش ئۆلكىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. ئۇلار ئاساسلىقى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى.

**ئەسقەر يۈسۈپ خەۋىرى ۋە فوتوسى**



سۈرەتتە: جاڭجياگاڭدىكى دۆلەت كارخانىسىدا كارخانىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تونۇشماقتا

**مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر مامۇت**
**تېلېفون: 61203 ـ 4828065**

**ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى**

خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى ئەرزىيەت خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مۇھىم ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالاقىدار خادىملارنى يىغىنغا قاتناشتۇرۇپ، بىۋاسىتە ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، ئاممىدىن كەلگەن 57 پارچە خەت – چەكتىن 49 پارچىسى مۇدىرلار يىغىنى ياكى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق ھەل بولدى. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ بىجىرىشىگە تاپشۇرۇلغان خەت – چەكلەردىن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىجىرىش نەتىجىسىنى دائىمىي كومىتېتقا دوكلات قىلغىنى 36 پارچىگە، دائىمىي كومىتېتنىڭ تەكلىپ بېرىشى ۋە شۇ ئورۇنغا بېرىپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ بىجىرتىلگىنى 10 پارچىگە قايتا قاراپ چىقىشقا قايتۇرۇلغىنى 10 پارچىگە يەتتى. بۇنىڭدىن بۇ كومىتېتنىڭ ئادىل ئىش بىجىرىش، ناتوغرا ئىستىلغا قەتئىي قارشى تۇرۇشتىكى خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**ئەلقەم يۈسەن**

※ ※ ※ ※ ※

**ئارىش يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئۇنىڭ قەلبىگە يىللىقلىق يەتكۈزدى**

ئارىش يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى 34 ۋەكىلنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىزىق مايغا چۆشۈپ ئېغىر يارىلانغان، يېڭى ئېرىق مەھەللە 4 – گۇرۇپپىدا ئولتۇرشلۇق مەھەممەت چارانىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىغا

خاتىرجەملىك ھەم خۇشاللىق بەخش ئەتتى.

ئەسلىدە مەھەممەت چارانىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بولۇپ، قوشنىسىنىڭ توي مەرىكە پولوسىنى ئېتىشكە تەييارلىق قىلىپ ماي قىزىتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز كېسىلى قوزغىلىپ، قايناۋاتقان مايغا يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، ئىككى قولى، بېلى، ئوڭ پاقالچىقى ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كېتىپ، كۆپ قېتىم داۋالىنىپ، پۇلغا يارىغۇدەك بىساتىنى سېتىپ تۈگەتكەنىدى. دەرھال داۋالانمىسا ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇش ياكى ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ۋەكىللەرنى يىغىپ مېھرى – شەپقەت يەتكۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئورگاندىكى ئىشچى – خىزمەتچىلەرمۇ بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بەس – بەس بىلەن ئىئانە توپلاپ، 610 يۈەن پۇلنى بىمارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، كېسەلنى خاتىرجەم داۋالىتىشقا ئىلھاملاندۇردى. يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار بۇ ئەھۋالغا جىددىي قاراپ، ئەستايىدىل داۋالىدى. نەتىجىدە بۇ بىمار تەل – تۆكۈس ساقىيىپ چىقىپ، ئائىلىسىدە نورمال ئەمگەككە قاتنىشىۋاتىدۇ.

**ئەمەتجان ھېيت**

**خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تاھىر ماموت**
**تېلېفون: 61203 – 4828065**



64



ئىلى ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىن زالى



ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىن زالى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە كۈچ چىقاردى، دۆلەتنىڭ غەربىي شىمالىنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ياخشى باشلىنىشىغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



قەشقەر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىن زالى



قۇمۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى.



ئۈرۈمچى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقتى.



بايىنغولىن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى.



خوتەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدىن

# كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



مۇدىر ھامىدىن نىياز بايىنغولىن ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بې- رىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقتى.



شۇجى ۋاڭ لېچۈەن تۇرپان ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن ھەر قايسى ۋەكىل- لەر ئۆمىكىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى، ۋەكىللەرنى تەخىرسىزلىك ۋە بۆرچ تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈپ، غەربىي شىمالنى ئېچىشتا پائال ھەسسە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

**ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى**



رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلى ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموۋ تارباغاتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر- نىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.



قۇرۇلتاي تەكلىپ گۇرۇپپىسى ۋەكىللەر سۇنغان تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل رەتلىدى.

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W باھاسى 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433